# ئىزدىنىش

(تاللانما)

10 2000

# ئىزدىنىش

(ئايلىق ژۇرنال)

(تاللانما)

2000-يىل 10-سان

(ئومۇمىي 148-سان)

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى باشچىلىقىدا نەشر قىلىنغان «ئىزدىنىش»نىڭ 2000-يىللىق 15-، 16-سانلىرىدىن تاللاپ تەرجىمە قىلىندى


## مۇندەرىجە


"ئۆچكە ۋەكىللىك قىلىش" تەلىپىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقىرى ساپالىق كادىرلار قوشۇنىنى قۇرۇپ چىقىشنى تۈزۈم جەھەتتىن كاپالەتكە ئىگە قىلايلى
............ زېڭ چىڭخۇڭ(2)

باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنى تېخىمۇ پۇختا، ئۈنۈملۈك ئىشلەيلى
............ دىڭ گۇەنگېن(20)

يېڭى دەۋردىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك بىرلىك سەپ يەنىلا پارتىيىنىڭ مۇھىم ئەگكۈشتىرى
............ ۋاڭ جاۋگو(29)

پارتىيە قۇرۇلۇشىنى تۇتۇشتا ئالدى بىلەن پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتۇش لازىم ............ ژۇرنىلىمىز ئوبزورچىسى(40)

ماركسىزم نەزەرىيىسىنىڭ قايىل قىلىش كۈچى ۋە جەڭگىۋارلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش لازىم ............ ژۇرنىلىمىز ئوبزورچىسى(45)


★10-ئاينىڭ 5-كۈنى نەشردىن چىقتى★


نەشر قىلغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14-قورۇ. پوچتا نومۇرى: 100013
مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: CN11-2498
تىزغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى ئېلېكترونلۇق مەتبە سىستېمىسى
باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇتى
باش تارقىتىش ئورنى: بېيجىڭ گېزىت-ژۇرنال تارقىتىش ئىدارىسى
ژۇرنالغا ئېيزىلىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار
پارچە سېتىش ۋە ۋاكالىتەن سېتىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار ۋە شىنخۇا كىتابخانىلىرى
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى (بېيجىڭ «399»خەت ساندۇقى)

# "ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش" تەلىپىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقىرى ساپالىق كادىرلار قوشۇنىنى قۇرۇپ چىقىشنى تۈزۈم جەھەتتىن كاپالەتكە ئىگە قىلايلى*

**زېڭ چىڭخۇڭ**

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى كادىرلار ئىشلىرى تۈزۈمى ئىسلاھاتىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، يولداش جياڭ زېمىن كادىرلار ئىشلىرى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئۆستۈرگىلى، چۈشۈرگىلى بولىدىغان، ھاياتىي كۈچكە تولغان، مۇنەۋۋەر ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ئادەم تاللاش-ئىشلىتىش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش مەسىلىسى ھەققىدە بىر قاتار مۇھىم كۆرسەتمىلەرنى بەرگەن، بولۇپمۇ يېقىندا تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ، "ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش" تەلىپىنى يۇقىرى ساپالىق كادىرلار قوشۇنىنى قۇرۇشقا ئەمەلىيلەشتۈرۈش لازىم، دەپ كۆرسەتتى. بىز دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە پارتىيە 15-قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى يېتەكچى قىلىپ، يولداش جياڭ زېمىننىڭ "ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش" ھەققىدىكى مۇھىم ئىدىيىسىگە ئاساسەن، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، مەركەز چۈشۈرگەن «كادىرلار ئىشلىرى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ھەققىدىكى تېزىس»تا (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «تېزىس» دېيىلىدۇ) ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھەر تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كادىرلار ئىشلىرى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنىڭ قەدىمىنى يەنىمۇ تېزلىتىپ، يېڭى ئەسىرنىڭ تەلىپىگە ماسلىشالايدىغان يۇقىرى ساپالىق كادىرلار قوشۇنىنى قۇرۇپ چىقىشنى تۈزۈم جەھەتتىن كاپالەتكە ئىگە قىلىشىمىز لازىم.

* بۇ ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيۇروسىنىڭ كاندىدات ئەزاسى، شۇجىچۇنىڭ شۇجىسى، مەركىزىي تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى يولداش زېڭ چىڭخۇڭنىڭ 2000-يىل 7-ئاينىڭ 14-كۈنى مەملىكەتلىك كادىرلار ئىشلىرى تۈزۈمى ئىسلاھاتى تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنىدا قىلغان سۆزى، ژۇرنىلىمىزدا قىسقارتىپ ئېلان قىلىندى.

# دەۋرنىڭ يۈزلىنىشىنى ئىگىلەپ، كادىرلار ئىشلىرى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا بولغان جىددىيلىك تۇيغۇسى ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش لازىم

نۆۋەتتە، دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرى يېڭى بىر تەرەققىيات باسقۇچىغا كىرمەكتە، پارتىيىمىزنىڭ كادىرلار قوشۇنى ئومۇمىي جەھەتتىن كونا-يېڭىلار ئالمىشىۋاتقان مۇھىم پەيتتە تۇرماقتا. دۇنيادا چوڭ ئۆزگىرىش بولۇۋاتقان، جۇڭگودا چوڭ ئىسلاھات بولۇۋاتقان تارىخىي شارائىتتا، قانداق قىلىپ پارتىيىنىڭ 15-قۇرۇلتىيىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئەسىر ھالقىپ راۋاجلىنىش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىش؛ ئۈمىد ۋە رىقابەتكە تولغان يېڭى ئەسىردە، قانداق قىلىپ پارتىيىمىزنى تېخىمۇ قۇدرەتلىك، ھاياتىي كۈچى تېخىمۇ ئۇرغۇپ تۇرىدىغان قىلىپ قۇرۇپ چىقىش زامانىمىزدىكى جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ ئۈستىگە ئالغان تارىخىي بۇرچى ۋە دۇچ كەلگەن زور مەسىلىدۇر. يولداش جياڭ زېمىن مۇشۇنداق تارىخىي يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ، "ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش" ھەققىدىكى مۇھىم ئىدىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەم شەرھلىدى، بۇ—ماركسىزملىق پارتىيە قۇرۇش تەلىماتىنىڭ يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇلۇشى، پارتىيىنىڭ خاراكتېرى، تۈپ مەقسىتى ۋە تۈپ ۋەزىپىسىنىڭ يەنىمۇ يېغىنچاقلىنىشى، يېڭى دەۋردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشىغا قويۇلغان يېڭى تەلەپ، شۇنداقلا كادىرلار ئىشلىرى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ قۇدرەتلىك ئىدىيىۋى قورالى. بىزنىڭ كادىرلار ئىشلىرى تۈزۈمى ئىسلاھاتىمىزنىڭ "ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش" تەلىپىگە ئاساسەن، يېڭى ۋەزىيەت، يېڭى ۋەزىپىلەرنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىپ، زور تۈركۈمدىكى مۇنەۋۋەر ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، كادىرلار قوشۇنىنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈش-كۆتۈرەلمەسلىكى پارتىيىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئورنىنىڭ مۇستەھكەملىنىشىگە، سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بۈيۈك گۈللىنىشىگە مۇناسىۋەتلىكتۇر.

**—كادىرلار ئىشلىرى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يېڭى ئەسىرنىڭ تەلىپىگە ماسلىشالايدىغان زور بىر تۈركۈم ياش، ئوتتۇرا ياشلىق رەھبىرىي كادىرلارنى ۋە يېڭىلىق ياراتقۇچى ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش بىزنىڭ كۆنسېرى كەسكىنلىشىۋاتقان خەلقئارا رىقابەتتە پايدىلىق ئورۇنغا ئىگە بولۇشىمىزدىكى ھالقىلىق ئىشتۇر.** ئىختىساس ئىگىلىرى بىر دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدىكى ئەڭ مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك بايلىق ھېسابلىنىدۇ. تارىخمۇ، رېئاللىقمۇ شۇنى ئىسپاتلىدىكى، بىر پارتىيە، بىر دۆلەتنىڭ مۇنەۋۋەر رەھبەرلەرنى ۋە ھەرقايسى ساھەلەر، ھەرقايسى قاتلاملاردىكى مەخسۇس خادىملارنى، يېڭىلىق ياراتقۇچى خادىملارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش-چىقالماسلىقى خېلى زور دەرىجىدە شۇ پارتىيە، شۇ دۆلەتنىڭ گۈللىنىشى-زەئىپلىشىشىگە، ھايات-ماماتىغا مۇناسىۋەتلىكتۇر. بىز دۇنيادىكى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى سەۋىيىسى بىلەن

بولغان پەرقنى كىچىكلىتىپ، كەسكىن خەلقئارا رىقابەتتە پايدىلىق ئورۇننى ئىگەللىيەلمەيدىكەنمىز، مۇنەۋۋەر ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا، ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ئىمكان بېرىدىغان مېخانىزم ۋە پۈتۈن بىر يۈرۈش چارىلەرنى ئورنىتىشىمىز ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشىمىز، ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈردىغان، جەلپ قىلىدىغان، تۇتۇپ قالىدىغان، ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ ئۆز ئىقتىدارىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشىغا ئىمكان بېرىدىغان سىياسەت ۋە تەدبىرلەرنى تۈزۈپ چىقىشىمىز ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشىمىز لازىم. يولداش جياڭ زېمىن يېقىندا ئىجتىمائىي پەنلەر ۋە قۇرۇلۇش پەنلىرى ئاكادېمىيىلىرىنىڭ ئاكادېمىكلىرى يىغىنىدا قىلغان سۆزىدە تەكىتلەپ مۇنداق دېدى: ”جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۇلۇغ دەۋرى ھەممە كىشى بەس-بەستە ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان، ئىختىساسلىقلار كەينى-كەينىدىن يېتىلىپ چىقىدىغان دەۋر بولۇشى كېرەك.“ شۇنى كۆرۈپ يېتىش كېرەككى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بىز كادىرلار ئىشلىرى تۈزۈمى ئىسلاھاتىدا تىرىشىپ ئىزدىنىش ئېلىپ باردۇق، كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرمۇ قولغا كەلدى. ئەمما ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، كادىرلار ئىشلىرى تۈزۈمى ئىسلاھاتى پۈتكۈل ئىسلاھات ۋەزىيىتىنىڭ تەرەققىياتىدىن كۆرۈنەرلىك ھالدا ئارقىدا قالدى، بىر قىسىم تۈزۈملەر تېخى سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكىنى ۋە دەۋرنىڭ تەلىپىنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرەلمەيۋاتىدۇ، تېخى بەزىبىر نۇقسانلار ساقلانماقتا، يېڭى ۋەزىيەت ۋە ۋەزىپە ئالدىدا، قانداق قىلىپ جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئىقتىساد، سىياسەت، مەدەنىيەت بەرپا قىلىشقا ماسلىشالايدىغان كادىرلار ئىشلىرى تۈزۈمىنى بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش ئارقىلىق، ماركسىزمغا سادىق بولغان، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىدا قەتئىي ماڭىدىغان، پارتىيىنى، دۆلەتنى باشقۇرۇشقا ماھىر بولغان بىر تۈركۈم يېڭى ئەۋلاد سىياسىئونلارنى تەربىيىلەپ ۋە يېتىشتۈرۈپ چىقىش، ئەسىر ھالقىپ ئېغىر ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالالايدىغان، پارتىيە-ھۆكۈمەت كادىرلىرى، كارخانا باشقۇرۇش كادىرلىرى، پەن-تېخنىكا كادىرلىرى ۋە باشقا سەپلەردىكى كادىرلاردىن تەركىب تاپقان يۇقىرى ساپالىق كادىرلار قوشۇنىنى قۇرۇپ چىقىش، شۇ ئارقىلىق دۆلىتىمىزنىڭ كەلگۈسىدىكى ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى رىقابىتىدە تەشەببۇسكار ئورۇننى ئىگىلىشىگە ئىمكانىيەت يارىتىش كادىرلار ئىشلىرى خىزمىتىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى، شۇنداقلا كادىرلار ئىشلىرى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتىكى مۇھىم مەسىلىدۇر.

**——كادىرلار ئىشلىرى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ماسلىشالايدىغان ئادەم تاللاش-ئىشلىتىش مېخانىزمىنى شەكىللەندۇرۇش ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ جىددىي ئېھتىياجىدۇر.** ماركسىزم مۇنداق قارايدۇ: ئىقتىسادىي بازىس ئۈستقۇرۇلمىنى بەلگىلەيدۇ، ئىقتىسادىي بازىسنىڭ ئۆزگىرىشى مۇقەررەر ھالدا ئۈستقۇرۇلمىنىڭ ئۆزگىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ؛ ئۈستقۇرۇلما چوقۇم ئىقتىسادىي بازىسقا ماسلىشىشى كېرەك، ئەينى ۋاقىتتا يەنە ئىقتىسادىي بازىسقا ئەكس تەسىر كۆرسىتىدۇ. 20 نەچچە يىللىق ئىسلاھات ئارقىلىق، دۆلىتىمىزدە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ ئاساسىي رامكىسى دەسلەپكى قەدەمدە قۇرۇپ چىقىلدى، مالىيە-باج، پۇل مۇئامىلىسى، تاشقى سودا، پىلان، مەبلەغ سېلىش، ئوبوروت، تەقسىمات قاتارلىق ساھەلەردىكى ئىسلاھاتتا زور ئىلگىرىلەشلەر قولغا كەلدى. ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ،

ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تەركىب، تەشكىللىي شەكىل، مەنپەئەت تەقسىماتى ۋە ئىشقا ئورۇنلىشىش شەكلى قاتارلىقلار كۈنسېرى كۆپ خىللاشتى. مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى ئۈستقۇرۇلمىنىڭ ئورگانىك تەركىبىي قىسمى بولغان كادىرلار ئىشلىرى تۈزۈمىگە يېڭى تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدى، قانداق قىلىپ يۇقىرىقىدەك يېڭى ئەھۋال ۋە يېڭى ئۆزگىرىشلەرگە ماسلىشىپ، كادىرلار ئىشلىرى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئارقىلىق، ئەسلىدىكى تۈزۈمنىڭ نۇقسانلىرىنى ھەمدە بازار ئىگىلىكى ئېلىپ كەلگەن بەزى پاسسىپ تەسىرلەرنى يېڭىپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە ماسلىشىدىغان، پارتىيە-ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، دۆلەت كارخانىلىرى ۋە كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ئوخشىمىغان ئالاھىدىلىكلىرىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان، ئىلمىي بولغان كادىرلار ئىشلىرى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش كادىرلار ئىشلىرى خىزمىتى دۇچ كېلىۋاتقان جىددىي ۋەزىپە ۋە قاتتىق سىناقتۇر.

**—كادىرلار ئىشلىرى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئاممىنىڭ كادىر تاللاپ ۋەزىپىگە قويۇشتىكى ئەھۋالدىن خەۋەردار بولۇش ھوقۇقى، قاتنىشىش ھوقۇقى، تاللاش ھوقۇقى ۋە نازارەت قىلىش ھوقۇقىنى يەنىمۇ كېڭەيتىش سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ مۇقەررەر تەلىپىدۇر.** كادىرلار ئىشلىرى تۈزۈمى ئىسلاھاتى سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئېلىپ بېرىلغان 20 نەچچە يىلدىن بۇيان، سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ تەدرىجىي ئىلگىرى سۈرۈلۈشىگە، دېموكراتىيە تۈزۈمىنىڭ ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللىشىشىگە، قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ تەدرىجىي كۈچەيتىلىشىگە، خەلق ئاممىسىنىڭ دېموكراتىيە-قانۇنچىلىق ئېڭىنىڭ كۈنسايىن ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، كادىرلار ئىشلىرى خىزمىتىدە ئاممىنىڭ قاتنىشىش دەرىجىسىمۇ كۆرۈنەرلىك ئاشتى. مەسىلەن، دېموكراتىك ئاساستا كۆرسىتىش، خەلق رايىنى سىناش ۋە دېموكراتىك ئاساستا باھالاش كادىرلارنى تاللاپ ئۆستۈرۈش، ۋەزىپىگە قويۇشتىكى بېسىپ ئۆتمىسە بولمايدىغان تەرتىپ بولۇپ قالدى؛ رەھبىرىي كادىرلارنى ئاشكارا تاللاپ ئۆستۈرۈش تۈزۈمى، رەھبىرىي كادىرلارنى ۋەزىپىگە قويۇشتىن بۇرۇن ئاممىغا ئۇقتۇرۇش تۈزۈمى ۋە پارتىيە-ھۆكۈمەت ئورگانلىرى كادىرلىرىنىڭ رىقابەتلىشىپ خىزمەت ئورنىغا چىقىش تۈزۈمى ھەرقايسى جايلار ۋە تارماقلاردا پائال تۈردە يولغا قويۇلماقتا. تۈزۈم جەھەتتىكى بۇ يېڭىلىقلار دېموكراتىك ئاساستا قاتنىشىشنى مەلۇم دەرىجىدە كېڭەيتتى، بۇ كادىرلار ئىشلىرى خىزمىتىدە دېموكراتىيىنى جارى قىلدۇرۇش، ئاممىۋى لۇشيەندە مېڭىشتا چىڭ تۇرۇشنىڭ ئۈنۈملۈك يولى ۋە مۇھىم ئۇسۇلىدۇر. ئەمما، كادىرلار ئىشلىرى تۈزۈمىدە سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسەتنى راۋاجلاندۇرۇش تەلىپىگە ماس كەلمەيدىغان مەسىلىلەرمۇ ساقلانماقتا. دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىنىدىغان سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇپ چىقىش قەدىمىنىڭ تېزلىشىشى بىزدىن خەلق ئاممىسىنىڭ كادىرلارنى تاللاپ ئۆستۈرۈش، ۋەزىپىگە قويۇش خىزمىتىدىكى ئەھۋالدىن خەۋەردار بولۇش ھوقۇقى، قاتنىشىش ھوقۇقى، تاللاش ھوقۇقى ۋە نازارەت قىلىش ھوقۇقىنى كېڭەيتىشنى، كادىرلار خىزمىتىنىڭ ئوچۇق-ئاشكارىلىق دەرىجىسىنى ئاشۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭلاشقا، قانداق قىلىپ سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسەت قۇرۇلۇشىغا ماس كېلىدىغان ئادەم تاللاش-ئىشلىتىش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ،

دېموكراتىيىنى يەنىمۇ كېڭەيتىپ، كادىرلار خىزمىتىنىڭ تۈزۈملىشىشى ۋە قېلىپلىشىشىنى تەدرىجىي ئىشقا ئاشۇرۇش كادىرلار ئىشلىرى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى، شۇنداقلا سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى داۋاملىق ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپىدۇر.

—**كادىرلار ئىشلىرى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، كادىرلار خىزمىتىنىڭ تۈزۈملە-شىشىنى، قېلىپلىشىشىنى، ئىلمىيلىشىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئادەم ئىشلىتىشتىكى ناتوغرا ئىستىللارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە تۈگىتىشتىكى تۈپتىن ھەل قىلىش تەدبىرىدۇر.** شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، يېقىنقى يىللاردا كادىرلار ئىشلىرى خىزمىتىدە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىگە بويسۇنۇش ۋە ئۇنىڭغا خىزمەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇلۇپ، كونا-يېڭى كادىرلارنىڭ ھەمكارلىشىش ۋە ئالمىشىش ئەندىزىسى ئومۇمىي جەھەتتىن ساقلىنىپ قېلىپ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تەشكىلىي جەھەتتىن كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىن ئېتىلدى، ئىختىساس ئىگىلىرى جەھەتتىن كۈچلۈك مەدەت بېرىلدى. ئەمما كادىرلار ئىشلىرى تۈزۈمى ۋە كادىرلار ئىشلىرى خىزمىتىدە يەنە نۇرغۇن مەسىلىلەر ساقلانماقتا. بىر قىسىم جايلاردا ئادەم ئىشلىتىش جەھەتتىكى ناتوغرا ئىستىللار ۋە چىرىكلىك ھادىسىلىرى توسسىمۇ توختىمىغاندۇ، ھەتتاكى بارغانسېرى ئەۋج ئېلىپ كېتىۋاتىدۇ. بىر قىسىم جايلاردا، شەخس ياكى ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ دېگىنىلا ئۆتىدىغان، مەنسەپ بېرىشنى ۋەدە قىلىدىغان، گۇرۇھ توپلايدىغان، ئۆز يېقىنلىرىنى ئىشقا قويىدىغان ھادىسىلەر ئىنتايىن ئېغىرلاپ كەتتى؛ مەنسەپ كويىدا قاترايدىغان، ئەمەل تەلەپ قىلىدىغان، مەنسەپ سېتىۋالىدىغان، مەنسەپ ساتىدىغان، ئالدامچىلىق قىلىپ مەنسەپكە ئىگە بولۇۋالىدىغان، ھەتتا مەنسەپنى دەپ ئادەم ئۆلتۈرىدىغان ھادىسىلەر بولۇپ، كىشىنى چۆچۈتىدۇ ھەم چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ. چېكى كېچىك، خۇ چاكىچىك قاتارلىق يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ چۈشكۈنلىشىپ چىرىك ئۇنسۇر بولۇپ قېلىشى دەرۋەقە ئاساسلىقى ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ دۇنياقارىشىنى ئۆزگەرتىشنى بوشاشتۇرۇپ قويۇپ، ھوقۇق، پۇل ۋە سەتەڭلەرنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلمىگەنلىكىدىن بولدى، ئەمما چوڭقۇر ئويلىنىپ باقىدىغان بولساق، يەنە بىر تەرەپتىن كادىرلارنى تاللاپ ئۆستۈرۈش، ۋەزىپىگە قويۇش تۈزۈمى ۋە خىزمىتىدە ساقلىنىۋاتقان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنىمۇ كۆرۈۋالىمىز. بۇ قېتىمقى ”ئۈچنى تەكىتلەش“ تەربىيىسىدە ئامىمىنىڭ بۇ مەسىلىلەر-گە بولغان پىكرى كۆپ، ئىنكاسى كۈچلۈك. كادىرلار ئىشلىرى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى تېزلىتىشنى تەلەپ قىلىدىغان ساداسى ناھايىتى يۇقىرى بولدى. قانداق قىلىپ كادىرلارغا بولغان تەربىيىنى ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، ئۇلارنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈش بىلەن بىرگە كادىرلار ئىشلىرى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنىڭ قەدىمىنى تېخىمۇ تېزلىتىپ، تۈپ، ئومۇمىي، مۇقىم ۋە ئۇزاق مۇددەتلىك خاراكتېرلىك تۈزۈمنى ئورنىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش ئارقىلىق، ناتوغرا ئىستىللار ۋە چىرىكلىكلەر ئۆسىدىغان تۇپراقنى ئۈزلۈك-سىز چېقىرىپ تاشلاپ، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىسى ۋە رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ھۆكۈمەت ئىشلىرىدا پاك-تىرىشچان بولۇشىغا ۋە ئەلا نەتىجە يارىتىشىغا تۈپتىن كاپالەتلىك قىلىش ھەم كادىرلار ئىشلىرى تۈزۈمى ئىسلاھاتىدىكى جىددىي ئىش، ھەم ئۇزاق مۇددەتلىك بىر مۇشكۈل ۋەزىپىدۇر.

www.uyghurkitap.com

# ئىسلاھات جەريانىنى ئەسلەپ، كادىرلار ئىشلىرى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنىڭ ئاساسىي تەجرىبىلىرىنى ئەستايىدىل يەكۈنلەش كېرەك

پارتىيىمىز ئەزەلدىن كادىرلار خىزمىتى ۋە كادىرلار ئىشلىرى تۈزۈمى ئىسلاھاتىغا ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن، پارتىيىنىڭ 3 ئەۋلاد مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك يادروسى بۇ جەھەتتە بىر قاتار مۇھىم بايانلارنى قىلغان. يولداش ماۋ زېدۇڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: ”سىياسىي لۇشيەن ئېنىق بەلگىلەنگەندىن كېيىن، كادىرلار ھەل قىلغۇچ ئامىل بولىدۇ.“ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئېلىپ بېرىلغان يېڭى دەۋرگە قەدەم قويغاندىن كېيىن، يولداش دېڭ شياۋپىڭ پارتىيە ۋە دۆلەت خىزمىتىنىڭ مەركىزىي نۇقتىسىنى ئىستراتېگىيىلىك يۆتكەشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن چىقىش قىلىپ، ئىدىيىۋى لۇشيەن، سىياسىي لۇشيەننىڭ ئىشقا ئېشىشىنى تەشكىلىي لۇشيەن ئارقىلىق كاپالەتلەندۈرۈش كېرەكلىكىنى، دەۋر تەلىپىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان تەشكىلىي تۈزۈم، كادىرلار ئىشلىرى تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىشقا جۈرئەت قىلىپ، مۇنەۋۋەر ئىختىساس ئىگىلىرىنى زور كۆچ بىلەن يېتىشتۈرۈش، بايقاش ۋە دەرىجە ئاتلاپ ئىشقا قويۇش، ئىختىساس ئىگىلىرىنى باسىدىغان ۋە نابۇت قىلىدىغان بارلىق ھادىسىلەر بىلەن قەتئىي كۈرەش قىلىش كېرەكلىكىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغان. يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيىنىڭ 3-ئەۋلاد مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك كوللېكتىپى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ روناق تېپىشى ۋە ئەبەدىي ئامان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش، دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئەسىر ھالقىيدىغان ئۇلۇغۋار تەرەققىيات نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتەك ئىستراتېگىيىلىك يۇكسەكلىكتە تۇرۇپ، كادىرلار ئىشلىرى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىشنى كۆپ قېتىم تەكىتلىگەن، ھەمدە كادىرلار ئىشلىرى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنىڭ نىشانى، پرىنسىپى، مەزمۇنى، ئۇسۇلى ۋە قەدەم-باسقۇچلىرىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغان. يېقىندا، يولداش جياڭ زېمىن جياڭسۇ، جېجياڭ، شاڭخەيدە خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرگەندە يەنىمۇ تەكىتلەپ مۇنداق دېدى: ”قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، ئىسلاھات سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، كادىرلار ئىشلىرى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنىڭ يەنىمۇ قانات يېيىشى ۋە چوڭقۇرلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، كادىرلارنى پارتىيە باشقۇرۇش پرىنسىپىنى كادىرلارنى باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى ياخشىلاش بىلەن ياخشى بىرلەشتۈرۈپ، مۇنەۋۋەر ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا، ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ئىمكان بېرىدىغان مېخانىزم ۋە پۈتۈن بىر يۈرۈش ئۇسۇللارنى تىرىشىپ شەكىللەندۈرۈش لازىم.“ پارتىيىنىڭ 3 ئەۋلاد مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك يادروسىنىڭ بۇ مۇھىم بايانلىرى ۋە تەلەپلىرىنىڭ مەزمۇنى چوڭقۇر بولۇپ، بىزنىڭ يېڭى ۋەزىيەتتىكى كادىرلار خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ۋە كادىرلار ئىشلىرى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتىكى مۇھىم ئىدىيىۋى قورالىمىزدۇر. بىز بۇ مۇھىم بايانلارنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئۇنىڭ روھىي ماھىيىتىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن كادىرلار خىزمىتىگە ۋە كادىرلار ئىشلىرى تۈزۈمى ئىسلاھاتىغا يېتەكچىلىك قىلىشىمىز لازىم.

پارتىيىنىڭ 13-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 4-ئومۇمىي يىغىنى بولۇپمۇ 14-قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيىنىڭ 3-ئەۋلاد مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك كوللېكتىپى يېڭى دەۋردىكى كادىرلار قوشۇنىنىڭ "تۆتلەشتۈرۈش" فاڭجېنىدا ۋە ھەم ئەخلاقلىق ھەم قابىلىيەتلىك بولۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە-ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، دۆلەت كارخانىلىرى ۋە كەسپىي ئورۇنلارنىڭ كادىرلار ئىشلىرى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈپ، نۇرغۇن جەھەتلەردە زور ئىلگىرىلەشـ لەرنى قولغا كەلتۈردى. بىرىنچىدىن، كادىرلار خىزمىتىگە دائىر قانۇن-نىزام قۇرۇلۇشىدا مۇھىم نەتىجىلەر قولغا كەلدى، كادىرلارنى باشقۇرۇشنىڭ يېڭى تۈزۈلمىسى بەرپا قىلىندى. ئىككىنچىدىن، كادىرلارنى تەكشۈرۈش خىزمىتى يەنىمۇ ياخشىلاندى، بىر قىسىم جايلار ۋە تارماقلار نەتىجە، ئۈنۈمنى باھالاش، كادىرلارنى تەكشۈرۈش خىزمىتى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى قاتارلىق تۈزۈملەرمۇ بەرپا قىلىندى. ئۈچىنچىدىن، رەھبىرىي كادىرلارنى ئاشكارا تاللاش ۋە پارتىيە-ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا رىقابەتلىشىپ خىزمەت ئورنىغا چىقىش خىزمىتى تەدرىجىي ھالدا قانات يايدۇرۇلدى. تۆتىنچىدىن، كادىرلارنى تەربىيىلەش خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىلدى ۋە ھەققىي كۈچەيتىلدى. بەشىنچىدىن، كادىرلارنى ئالماشتۇرۇش خىزمىتىدە بىرقەدەر چوڭ قەدەم بېسىلدى، بىر قىسىم مۇھىم خىزمەت ئورنى ۋە مۇھىم ۋەزىپىلەردە كادىرلارنى ئالماشتۇرۇش، چەكلەپ ئېلىش، نۆۋەتلىشىپ ۋەزىپە ئۆتەش تۈزۈملىرى يولغا قويۇلدى. ئالتىنچىدىن، كادىرلار-نى نازارەت قىلىش خىزمىتى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىلدى. يەتتىنچىدىن، دۆلەت كارخانىلىرى ۋە كەسپىي ئورۇنلاردىكى كادىرلار ئىشلىرى تۈزۈمى ئىسلاھاتىدا يېڭى بۆسۈشلەر بولدى.

كادىرلار ئىشلىرى تۈزۈمى ئىسلاھاتى خىزمىتىدە 20 نەچچە يىللىق ئىزدىنىش ۋە ئەمەلىيەت ئارقىلىق مول تەجرىبىلەر توپلاندى، بەزى قانۇنىيەتلىك نەرسىلەر ئىزدەپ تېپىلدى، يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا ئاساسلىقى تۆۋەندىكىدەك ئالتە جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ:

**(1) تەشكىلىي لۇشيەننى سىياسىي لۇشيەن ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت توغرا يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئۇنى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش ۋە سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسەتنى راۋاجلاندۇرۇش تەلىپىگە ماسلاشتۇرۇش لازىم.** قەتئىي تەۋرەنمەي دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىگە بويسۇنۇش ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، ئاڭلىق ھالدا كادىرلار خىزمىتى ۋە كادىرلار ئىشلىرى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى خەلقئارا چوڭ ئارقا كۆرۈنۈش ۋە پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خىزمىتىنىڭ ئومۇمىيىتى ئىچىگە قويۇپ تۇرۇپ ئويلىنىش، ئىگەللەش، ئۇنى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىغا ماسلىشىپ، سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى-نىڭ نىشانى بىلەن بىرلىككە كېلىپ، "ئۈچكە پايدىلىق بولۇش" ئۆلچىمىدە چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھات-ئېچىـ ۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن قۇدرەتلىك تەشكىلىي كاپالەت بىلەن تەمىن ئېتىدىغان قىلىش لازىم.

**(2) كادىرلارنى پارتىيە باشقۇرۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش، پارتىيىنىڭ كادىرلارنى باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى ياخشىلاش لازىم.** كادىرلارنى پارتىيە باشقۇرۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش

پارتىيىنىڭ تەشكىلىي رەھبەرلىكىنىڭ مۇھىم ئىپادىسى، پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى رەھبەرلىكى ۋە سىياسىي رەھبەرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم كاپالىتى، بۇنىڭدىن ھەرقانداق ۋاقىتتا تەۋرىنىپ قىلىشقا بولمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يېڭى ۋەزىيەت، يېڭى ۋەزىپىلەرنىڭ تەلىپىگە ماس كەلمەيدىغان كادىرلار ئىشلىرى باشقۇرۇش تۈزۈمى ۋە ئۇسۇللىرىنى دادىللىق بىلەن ئىسلاھ قىلىپ، كادىرلارنى پارتىيە باشقۇرۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش بىلەن پارتىيىنىڭ كادىرلارنى باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى ياخشىلاشنى بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيىنىڭ يېڭى تارىخىي شارائىت ئاستىدا كادىرلارنى باشقۇرۇشنىڭ ئۈنۈملۈك يولى ھەققىدە پائال ئىزدىنىپ، كادىرلارنى باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈش لازىم.

**(3) يۇقىرى ساپالىق كادىرلار قوشۇنىنى قۇرۇپ چىقىشنى كۆزدە تۇتۇپ، مۇنەۋۋەر ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا ئىمكان بېرىدىغان ياخشى مۇھىت يارىتىش لازىم.** يۇقىرى ساپالىق كادىرلار قوشۇنىنى قۇرۇشنى چۆرىدىگەن ھالدا ئىلمىي، مۇۋاپىق بولغان كادىرلار ئىشلىرى تۈزۈمىنى بەرپا قىلىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئاشكارا بولۇش، ئادىل بولۇش، رىقابەتلىشىش، ياخشىلارنى تاللاش ئاساسىدىكى ئادەم ئىشلىتىش مېخانىزمىنى شەكىللەندۈرۈپ، كادىرلارنى يۇقىرىغىمۇ چىقالايدىغان، تۆۋەنگىمۇ چۈشەلەيدىغان قىلىپ، مۇنەۋۋەر ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ، كادىرلار قوشۇنىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش لازىم.

**(4) تۈرلەرگە ئايرىپ باشقۇرۇشنى يولغا قويۇپ، يۈرۈشلۈك ئىسلاھاتنى ياخشى ئېلىپ بېرىش لازىم.** پارتىيە-ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، دۆلەت كارخانىلىرى ۋە كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ئوخشىمىغان ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، كادىرلارنى تۈرلەرگە ئايرىپ باشقۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، جانلىق باشقۇرۇش، ياخشى باشقۇرۇشنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم. كادىرلار ئىشلىرى خىزمىتىگە بولغان بىر تۇتاش رەھبەرلىك ۋە ماكرولۇق باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ”ئۈچ قوشۇن“نى بىرلىكتە تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ھەر تۈرلۈك ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى يۈرۈشلەشتۈرۈپ، تەڭكەش راۋاجلاندۇرۇش لازىم.

**(5) ئاممىنىڭ ئىجادچانلىق روھىنى ھۆرمەتلەپ، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ دادىللىق بىلەن يېڭىلىق يارىتىشىغا ئىلھام بېرىش لازىم.** ئاممىنىڭ ئىجادچانلىق روھىنى ھۆرمەتلەش ماركسىزمنىڭ ئەمەلىيەت قارىشى ۋە پارتىيىنىڭ ئاممىۋى لۇشيەنىنىڭ كادىرلار ئىشلىرى تۈزۈمى ئىسلاھاتىدىكى يىغىنچاق ئىپادىلىنىشىدۇر. 20 نەچچە يىلدىن بۇيان، كادىرلار ئىشلىرى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنىڭ نۇرغۇن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۇسۇللىرى، مەسىلەن رەھبىرىي كادىرلارنى ئاشكارا تاللاپ ئۆستۈرۈش، پارتىيە-ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ كادىرلىرىنىڭ رىقابەتلىشىپ خىزمەت ئورنىغا چىقىشى، رەھبىرىي كادىرلارنى ۋەزىپىگە قويۇشتىن يۇرۇن ئاممىغا ئۇقتۇرۇش تۈزۈمى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئاساسىي قاتلام ئىجاد قىلغان. ۋارىسلىق قىلىش بىلەن يېڭىلىق يارىتىشنى بىرلەشتۈرۈشتە، يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە بولغان ئىسلاھات بىلەن تۆۋەندىن يۇقىرىغىچە بولغان ئىسلاھاتنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ھەرقايسى جايلار ۋە تارماقلارنىڭ پارتىيىنىڭ كادىرلار ئىشلىرى خىزمىتىدىكى ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش ۋە جارى قىلدۇرۇش بىلەن بىرگە پائال ئىزدىنىپ، دادىللىق بىلەن ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، يېڭى ۋەزىيەت، يېڭى ۋەزىپىنىڭ تەلىپىگە

ماسلىشالمايدىغان بارلىق تۈزۈم ۋە ئۇسۇللارنى دادىللىق بىلەن ئىسلاھ قىلىشقا ئىلھام ۋە مەدەت بېرىش لازىم.

**(6) تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى ئاساس قىلىپ، قېلىپلاشتۇرۇش، قانۇنلاشتۇرۇش يولىغا مېڭىش لازىم.** دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش پارتىيىنىڭ خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ دۆلەتنى باشقۇرۇشتىكى ئاساسىي فاڭجېنىدۇر. دۆلەت قانۇنچىلىقىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشى كېرەك، پارتىيىمۇ پارتىيىنىڭ قائىدە-نىزاملىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشى كېرەك، تۈزۈم ئارقىلىق پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، كادىرلار خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش لازىم. كادىرلار ئىشلىرى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا خۇلاسىلەپ ۋە قېلىپلاشتۇرۇپ، پارتىيە ئىچىدىكى قائىدە-نىزام ۋە تۈزۈملەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئارقىلىق، تەدرىجىي ھالدا يۈرۈشلەشكەن، كۈچلۈك چەكلەپ تۇرالايدىغان تۈزۈم سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، كادىرلار خىزمىتىدە ئەمەل قىلغۇدەك قائىدە-نىزام بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم.

## يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىشقا جۈرئەت قىلىپ، يۇقىرى ساپالىق كادىرلار قوشۇنىنى قۇرۇشنى چۆرىدىگەن ھالدا كادىرلار ئىشلىرى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىش كېرەك

بۇ يىل 5-ئايدا، يولداش جياڭ زېمىن جياڭسۇ، جېجياڭ، شاڭخەيدە خىزمەتنى كۆزدىن كەچۈرگەن ۋاقىتتا، پارتىيىمىزنىڭ ”ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش“ تەلىپىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى يېڭى ۋەزىيەت، يېڭى ۋەزىپىنىڭ تەلىپىگە ماسلىشالايدىغان يۇقىرى ساپالىق رەھبىرىي كادىرلار قوشۇنىنى قۇرۇش، بولۇپمۇ ئەسىر ھالقىپ ئېغىر ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالالايدىغان زور بىر تۈركۈم ئىزباسارلارنى ياخشى يېتىشتۈرۈش ۋە ياخشى تاللاپ ئۆستۈرۈشتە، دەپ كۆرسەتتى. 6-ئايدا، يولداش جياڭ زېمىن مەملىكەتلىك پارتىيە مەكتەپلىرى خىزمىتى يىغىنىدا قىلغان سۆزىدە زور بىر تۈركۈم يۇقىرى ساپالىق رەھبىرىي خادىملارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقىنى يەنىمۇ تەكىتلىدى ھەمدە ياش، ئوتتۇرا ياشلىق كادىرلارنى يېتىشتۈرۈشتە بىرىنچىدىن بىر خىل ئۆلچەم بىلەنلا چەكلىنىپ قالماسلىق كېرەك، ئىككىنچىدىن چېنىقتۇرۇشنى كۈچەيتىش كېرەك، ئۈچىنچىدىن ئىختىساسلىق كىشىلەرنى كەينى-كەينىدىن يېتىشتۈرۈپ چىقىش كېرەك، دەپ ئوتتۇرىغا قويدى. نىڭشيا، گەنسۇدا خىزمەتنى كۆزدىن كەچۈرگەن ۋاقىتتا، ئۇ يەنە ئىختىساسلىق خادىملار مەسىلىسىنى مەخسۇس تەكىتلىدى. مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە، باش شۇجىنىڭ بۇ مەسىلىنى مۇشۇنداق ئالاھىدە تەكىتلىشىدىكى سەۋەب شۇكى، بۇ مەسىلىنى ياخشى ھەل قىلغاندىلا، ئاندىن پېشقەدەم پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرى ئاچقان سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋاملىشىشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئەبەدىي ئامان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى، دۆلىتىمىزنىڭ كېلەچەكتىكى

www.uyghurkitap.com

كەسكىن خەلقئارا رىقابەتتە باشتىن-ئاخىر كۈچ-قۇدرىتىنى ساقلاپ قېلىشقا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. پارتىيە 15-قۇرۇلتىيىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان دېموكراتىيىنى كېڭەيتىش، سىناشنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئالماشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىش، نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىش، كادىرلارنى يۇقىرىغىمۇ چىقالايدىغان، تۆۋەنگىمۇ چۈشەلەيدىغان قىلىش جەھەتتە كۆرۈنەرلىك نەتىجە ھاسىل قىلىش تەلپىگە ۋە يولداش جياڭ زېمىننىڭ سۆزىنىڭ روھىغا ئاساسەن، «تېزىس»تا ئېنىق قىلىپ مۇنداق دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى: 2010-يىلغا بارغاندا، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئىقتىساد، سىياسەت، مەدەنىيەت بەرپا قىلىشقا ماسلىشالايدىغان بىر يۈرۈش كادىرلار ئىشلىرى تۈزۈمىنى بەرپا قىلىپ، "ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش" تەلپىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان يۇقىرى ساپالىق كادىرلار قوشۇنىنى قۇرۇشنى تۈزۈم جەھەتتىن كاپالەتكە ئىگە قىلىش كېرەك، ئۇنىڭ تۈپ نىشانى:

**ئۆستۈرگىلىمۇ، چۈشۈرگىلىمۇ بولىدىغان، كىرگۈزگىلىمۇ، چىقارغىلىمۇ بولىدىغان، ئۈنۈملۈك رىغبەتلەندۈرىدىغان، قاتتىق نازارەت قىلىدىغان، رىقابەت ئارقىلىق ياخشىلىرىنى تاللايدىغان، ھاياتىي كۈچكە تولغان ئادەم ئىشلىتىش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىش؛ كادىرلار ئىشلىرى خىزمىتىگە بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىدىغان، دەرىجىگە ئايرىپ باشقۇرىدىغان، ئۈنۈملۈك تەڭشەپ تىزگىنلەيدىغان ماكرولۇق باشقۇرۇش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش؛ پارتىيە-ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، دۆلەت كارخانىلىرى ۋە كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئالاھىدىلىكىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان، ئىلمىي بولغان تۈرلەرگە ئايرىپ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئۆزگىچە باشقۇرۇش تۈزۈملىرىنى بەرپا قىلىش؛ كادىرلار ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا دائىر قانۇن-نىزام سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كادىرلار ئىشلىرى خىزمىتىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئادەم ئىشلىتىش جەھەتتىكى ناتوغرا ئىستىللارنى ۋە چىرىكلىك ھادىسىلىرىنى ئۈنۈملۈك توسۇش؛ بىلىمگە ھۆرمەت قىلىدىغان، ئىختىساسلىق خادىملارغا ھۆرمەت قىلىدىغان، مۇنەۋۋەر ئىختىساسلىق خادىملارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا ۋە ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە پايدىلىق بولغان ئىجتىمائىي مۇھىت ھازىرلاپ، ئىختىساسلىق خادىملار مەنبەسىنى ھەر تەرەپلىمە ئېچىش ۋە ئۇنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش.**

كادىرلار ئىشلىرى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ بۇ تۈپ نىشانى كادىرلار ئىشلىرى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىپ، يۇقىرى ساپالىق كادىرلار قوشۇنىنى قۇرۇشنىڭ يېتەكچى فاكتورى. بۇ تۈپ نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، بىر تۇتاش پىلانلاپ ھەرقايسى تەرەپلەرنى ماسلاشتۇرۇش، ئومۇمىي جەھەتتىن ئىلگىرى سۈرۈش، مۇھىم نۇقتىدا بۆسۈش ھاسىل قىلىش كېرەك. نۆۋەتتە ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىل ئىچىدە، كادىرلارنى يۇقىرىغىمۇ چىقالايدىغان، تۆۋەنگىمۇ چۈشەلەيدىغان قىلىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئىشىنى كادىرلار ئىشلىرى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنىڭ كۈچ سەرپ قىلىش نۇقتىسى ۋە بۆسۈش ھاسىل قىلىش ئېغىزى قىلىپ، قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، قاتتىق كۈچ سەرپ قىلىپ، تۆۋەندىكى بىرنەچچە ھالقىنى ھەقىقىي ياخشى تۇتۇش لازىم.

**بىرىنچى، كۆزقاراشتا يېڭىلىق يارىتىشنى تۈپ ئالدىنقى شەرت قىلىپ، ئىدىيىدە يەنىمۇ ئازاد**

**بولۇش كېرەك.** يېقىندا يولداش جياڭ زېمىن پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن جەمئىيەتنى يېڭىلىق يارىتىش روھى ۋە ئىلمىي روھنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىپ ۋە جارى قىلدۇرۇپ، دەۋر تەرەققىيات ئېقىمىغا يېقىندىن ئەگىشىپ، ئۈزلۈكسىز تۈردە يېڭى ئەھۋاللارنى تەتقىق قىلىش، يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش، يېڭى تونۇش ھاسىل قىلىش، يېڭى مەنزىل ئېچىش جەريانىدا نەزەرىيىدە يېڭىلىق يارىتىش، تۈزۈلمىدە يېڭىلىق يارىتىش، پەن-تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ۋە باشقا ئىشلاردا يېڭىلىق يارىتىشنى ئاكتىپ ئىلگىرى سۈرۈشكە چاقىردى. نۆۋەتتە كادىرلار خىزمىتى نۇرغۇن يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلە ۋە يېڭى زىددىيەتلەرگە دۇچ كەلمەكتە، ئوبيېكتىپ ئەھۋالنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئاساسەن ئىدىيىۋى كۆزقاراش، خىزمەت ئۇسۇلى، تۈزۈم ۋە مېخانىزم قاتارلىق جەھەتلەردە يېڭىلىق يارىتىش جىددىي ئېھتىياجلىق بولماقتا. ئىدىيە ھەرىكەتنىڭ يول باشلىغۇچىسى. كۆزقاراشتا يېڭىلىق يارىتىلمايدىكەن، خىزمەتتە يېڭىلىق يارىتىشقا يول ئاچقىلى بولمايدۇ، تۈزۈلمىدە يېڭىلىق يارىتىش قۇرۇق سۆزگە ئايلىنىپ قالىدۇ. ھازىر كادىرلار ئىشلىرى تۈزۈمى ئىسلاھاتىغا، كادىرلارنى يۇقىرىغىمۇ چىقالايدىغان، تۆۋەنگىمۇ چۈشەلەيدىغان قىلىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا تەسىر كۆرسىتىۋاتقان ئىدىيىۋى توسالغۇلار ئاز ئەمەس. مۇشۇ يىللاردىن بۇيان بەزى جايلار ۋە تارماقلاردا كادىرلار ئىشلىرى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنىڭ تېز ئىلگىرىلىيەلمىگەنلىكى، بەزى ئىسلاھات نىشانىنىڭ ئىشقا ئاشالمىغانلىقىدىكى سەۋەبلەر كۆپ تەرەپلىك، ئەمما ئىدىيىنىڭ كونىلىقى، كۆزقاراشنىڭ كونىلىقى، شۈبھىسىزكى، مۇھىم بىر سەۋەب ھېسابلىنىدۇ. «تېزىس»تا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىسلاھات نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، كادىرلارنى يۇقىرىغىمۇ چىقالايدىغان، تۆۋەنگىمۇ چۈشەلەيدىغان قىلىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش جەھەتتە يېڭى بۆسۈش ھاسىل قىلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن تۈرلۈك ئىدىيىۋى توسالغۇلارنى تۈگىتىپ، كۆزقاراشتا يېڭىلىق يارىتىشنى ئالدىنقى شەرت قىلىپ، ئىدىيىدە تېخىمۇ ئازاد بولۇش لازىم. كادىرلار خىزمىتىنى ۋە كادىرلار ئىشلىرى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى كەڭ خەلقئارا ئارقا كۆرۈنۈش ئىچىگە ۋە پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خىزمىتىنىڭ ئومۇمىيىتى ئىچىگە قويۇپ ئويلىنىشقا ماھىر بولۇپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش داۋامىدا بارلىققا كەلگەن يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرنى داۋاملىق تەتقىق قىلىپ، ئىدىيىدە ئازاد بولۇش بىلەن ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشنى بىرلەشتۈرۈپ، كادىرلار خىزمىتىدىكى ئېسىل ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىش بىلەن ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ يېڭىلىق يارىتىشنى بىرلەشتۈرۈپ، يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە بولغان تۈرتكە بولۇش بىلەن تۆۋەندىن يۇقىرىغىچە بولغان ئىزدىنىشنى بىرلەشتۈرۈپ، يېڭىلىق يارىتىش ئېڭىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. ئومۇمەن ”ئۈچكە پايدىلىق بولۇش“ ئۆلچىمىگە مۇۋاپىق بولغان، ”ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش“ تەلىپىگە مۇۋاپىق بولغان، مۇنەۋۋەر ئىختىساسلىق خادىملارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا، كادىرلارنى يۇقىرىغىمۇ چىقالايدىغان، تۆۋەنگىمۇ چۈشەلەيدىغان قىلىشقا پايدىلىق بولغان تۈزۈم ۋە چارە بولسىلا، دادىل سىناق قىلىدىغان، دادىل يول ئىزدەيدىغان، دادىل ئىشلەيدىغان يېڭىلىق يارىتىش كۆزقارىشىنى مەھكەم تىكلەپ، ئەمەلىيەت داۋامىدا يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنى داۋاملىق ئۆستۈرۈپ، ھەممە كىشى بەس-بەستە ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان، ئىختىساسلىق كىشىلەر كەينى-كەينىدىن يېتىشىپ چىقىدىغان يېڭى ۋەزىيەتنى تىرىشىپ يارىتىش لازىم.

**ئىككىنچى، دېموكراتىيىنى كېڭەيتىشنى ئىسلاھات يۈنىلىشى قىلىپ، كادىرلار خىزمىتىنىڭ ئوچۇق-ئاشكارىلىق دەرىجىسىنى يەنىمۇ ئۈستۈرۈش كېرەك.** سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسەتنى راۋاجلاندۇرۇش پارتىيىمىزنىڭ باشتىن-ئاخىر كۆزلەيدىغان كۈرەش نىشانىدۇر. دېموكراتىيىنى كېڭەيتىش سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى داۋاملىق ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى، شۇنداقلا كادىرلار ئىشلىرى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنىڭ تۈپ يۈنىلىشى. مۇشۇ يىللاردىن بۇيانقى ئىسلاھات ئەمەلىيىتى ئىسپاتلىدىكى، كادىرلار خىزمىتىدە دېموكراتىيىنى كېڭەيتىش كادىرلارنى يۇقىرىغىمۇ چىقالايدىغان، تۆۋەنگىمۇ چۈشەلەيدىغان قىلىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىكى مۇھىم تەدبىر، شۇنداقلا ئادەم ئىشلىتىش جەھەتتىكى ناتوغرا ئىستىللارنى ۋە چىرىكلىك ئەھۋاللىرىنى تۈگىتىشنىڭ ئۈنۈملۈك يولى. نۆۋەتتە، كادىرلار خىزمىتىدە دېموكراتىيىنى كېڭەيتىشتە تۆۋەندىكى بىرنەچچە ئىشلارنى ئالاھىدە ئوبدان تۇتۇش لازىم. بىرىنچىدىن، ئاممىنىڭ ئەھۋالدىن خەۋەردار بولۇش ھوقۇقى، قاتنىشىش ھوقۇقى، تاللاش ھوقۇقى ۋە نازارەت قىلىش ھوقۇقىنى يەنىمۇ كېڭەيتىش كېرەك. ئاما بىردەك ئېتىراپ قىلىش پرىنسىپىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاممىۋى لۇشيەندە مېڭىشتا چىڭ تۇرۇپ، دېموكراتىك ئاساستا كۆرسىتىش، خەلق رايىنى سىناش ۋە دېموكراتىك ئاساستا باھالاش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۇرۇش كېرەك؛ تەكشۈرۈش خىزمىتىدە ئالدىن خەۋەر قىلىش تۈزۈمى، ئارتۇق نامراتلىق تەكشۈرۈش تۈزۈمى، تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى مەلۇم قىلىش تۈزۈمىنى سىناق تەرىقىسىدە ئاكتىپ يولغا قويۇش كېرەك؛ رەھبىرىي كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەشتىن بۇرۇن ئاممىغا ئۇقتۇرۇش تۈزۈمىنى ئاكتىپ كېڭەيتىش، ئاممىغا ئۇقتۇرۇش تۈزۈمىنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىش لازىم. ئاممىغا ئۇقتۇرۇش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئۈچ يىلدىن بەش يىلغىچە مەملىكەت بويىچە ۋىلايەت-نازارەت دەرىجىلىكتىن تۆۋەن رەھبىرىي كادىرلار ئىچىدە ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇشقا تىرىشىش لازىم. ئىككىنچىدىن، رەھبىرىي كادىرلارنى ئاشكارا تاللاپ ئۈستۈرۈش ئىشى ۋە پارتىيە-ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى كادىرلارنىڭ رىقابەتلىشىپ خىزمەت ئورنىغا چىقىش تۈزۈمىنى ئاكتىپ يولغا قويۇش كېرەك. بۇ كادىرلارنى تاللاپ ئۈستۈرۈش، ۋەزىپىگە قويۇش خىزمىتىدە كادىرلارنى پارتىيە باشقۇرۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش بىلەن دېموكراتىيىنى كېڭەيتىشنىڭ ئورگانىك بىرلەشتۈرۈلۈشى، شۇنداقلا نۇرغۇن يىللىق ئىزدىنىش، ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق شەكىللەنگەن، بىرقەدەر پىشىپ يېتىلگەن ئۇسۇلدۇر. رەھبىرىي كادىرلارنى ئاشكارا تاللاش "ئاشكارا بولۇش، باراۋەر بولۇش، رىقابەتلىشىش، ياخشىلارنى تاللاش" پرىنسىپىنى نامايان قىلغان، ئادەم ئىشلىتىشتىكى نەزەر دائىرىنى كېڭەيتكەن بولغاچقا، مۇنەۋۋەر ئىختىساسلىق خادىملارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا پايدىلىق. مەملىكەتنىڭ ھەممە جايلىرىدا ۋىلايەت-نازارەت دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنى ۋە ناھىيە-باشقارما دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنى ئاشكارا تاللاش ئىشى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، رىقابەتلىشىپ خىزمەت ئورنىغا چىقىش پارتىيە-ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ ئادەم تاللاش، ئادەم ئىشلىتىشنىڭ مۇھىم ئۇسۇلى بولۇپ قالدى. ئۈچىنچىدىن، پارتىيە ئىچىدىكى دېموكراتىيىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش لازىم. بەزى يەرلىك پارتكوملار كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش ئىشلىرىنى مۇزاكىرە قىلغاندا يوشۇرۇن ئاۋاز بېرىش تۈزۈمىنى يولغا قويدى. بۇ خىل ئۇسۇل كادىرلارنى

تاللاپ ئۆستۈرۈش، ۋەزىپىگە قويۇش خىزمىتىدە دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش پرىنسىپىنى تېخىمۇ ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇپ، شەخسنىڭ گېپى گەپ بولۇش ئەھۋالىدىن ۋە ئادەم ئىشلىتىش جەھەتتىكى ناتوغرا ئىستىللاردىن ساقلىنىشقا پايدىلىق، بۇنى داۋاملىق تەجرىبە يەكۈنلەش ئارقىلىق پەيدىنپەي مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە كېڭەيتىش لازىم.

**ئۈچىنچى، كادىرلارنى "تۆۋەنگىمۇ چۈشەلەيدىغان قىلىش"نى خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىپ، ئىسلاھاتتا مۇستەھكەم ئىستىھكامغا ھۇجۇم قىلىش سالمىقىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇش كېرەك.**

كادىرلارنى ئۆستۈرگىلى بولۇش، چۈشۈرگىلى بولماسلىق مەسىلىسى ئۇزغۇن يىللاردىن بۇيان كادىرلار خىزمىتىگە كاشىلا بولۇپ كېلىۋاتقان قىيىن مەسىلىلەرنىڭ بىرىدۇر. شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەككى، ھەرقايسى جايلار ۋە ھەرقايسى تارماقلار كادىرلارنى "تۆۋەنگىمۇ چۈشەلەيدىغان قىلىش" جەھەتتە كۆپ خىزمەتلەرنى ئىشلىدى، بەزى تەجرىبىلەرنىمۇ توپلىدى. ئەمما، مەملىكەت نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، كادىرلارنى ئۆستۈرگىلى بولۇش، چۈشۈرگىلى بولماسلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىش جەھەتتە تۈپ خاراكتېرلىك بۆسۈش ھاسىل بولالمىدى، يەنە كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، تازا كۈچ سەرپ قىلىپ مۇستەھكەم ئىستىھكامغا ھۇجۇم قىلىش كېرەك. كادىرلارنى "تۆۋەنگىمۇ چۈشەلەيدىغان قىلىش" مۇرەككەپ بىر سىستېما قۇرۇلۇشى بولۇپ، ھەرقايسى جەھەتلەرگە، ھەرقايسى كەسىپلەرگە چېتىلىدۇ، بىر تۇتاش پىلانلاپ، كادىرلار تۈزۈمى، يۈرۈشلۈك تەدبىر، جامائەت پىكرى قاتارلىق ساھەلەرنى ماسلاشتۇرۇپ، پەيدىنپەي ئالغا سىلجىتقاندىلا، ئاندىن روشەن ئۈلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، تۆۋەندىكى بىرنەچچە تۈرلۈك خىزمەتنى ھەققىي ياخشى تۇتۇش لازىم: بىرىنچىدىن، رەھبىرىي كادىرلارنى "تۆۋەنگىمۇ چۈشەلەيدىغان قىلىش"قا پايدىلىق بولغان تۈرلۈك تۈزۈملەرنى چىڭ تۇتۇپ بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. «تېزىس»تا كادىرلارنى "تۆۋەنگىمۇ چۈشەلەيدىغان قىلىش" مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ھەققىدە زۆرۈر بولغان تۈزۈملەرنى ئورنىتىش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئاساسلىقى پارتىيە-ھۆكۈمەت رەھبىرىي كادىرلىرىنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى تۈزۈمى، ۋەزىپىگە قويۇپ سىناپ ئىشلىتىش مۇددىتى تۈزۈمى، ئىستىپا بېرىش تۈزۈمى ۋە بىر قىسىم رەھبەرلىك ۋەزىپىسىدە تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتىش تۈزۈمىنى بەرپا قىلىش ۋە يولغا قويۇش كېرەك. رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى تۈزۈمىنى ئورناتقاندا، كادىرلارنىڭ داۋاملىق ۋەزىپە ئۆتەش ۋە ئوخشاش بىر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەش ۋاقتى ئەڭ يۇقىرى يىل چەكلىمىسىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى ئېنىق بەلگىلىنىدۇ، بۇنداق بولغاندا، كادىرلارنىڭ يۇقىرىغا چىقىشى ۋە تۆۋەنگە چۈشۈشى بىر خىل نورمال ئىجتىمائىي ھادىسە بولۇپ قالىدۇ-دە، كادىرلار خاتالاشمىسىلا تۆۋەنگە چۈشۈرگىلى بولماسلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىپ، كادىرلارنى "تۆۋەنگىمۇ چۈشەلەيدىغان قىلىش" ئىشىنى پەيدىنپەي تۈزۈملەشتۈرۈشكە پايدىلىق. ۋەزىپىگە تەيىنلەش تۈزۈمى بويىچە يېڭىدىن ئۆستۈرۈلگەن كادىرلارغا قارىتا سىناپ ئىشلىتىش مۇددىتى تۈزۈمىنى يولغا قويغاندا، تەشكىلنىڭ ئەمەلىيەت داۋامىدا كادىرلارنى تېخىمۇ توغرا چۈشىنىشىگە ۋە ئىشلىتىشىگە، خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغان كادىرلارنى بالدۇر بايقىشىغا، بالدۇر ياردەم بېرىشىگە، بالدۇر تەڭشىشىگە پايدىلىق. پارتىيە-ھۆكۈمەت رەھبىرىي كادىرلىرىنىڭ ئىستىپا

بېرىش تۈزۈمى جەھەتتە، ئۆزلۈكىدىن ئىستىپا بېرىش، بۇيرۇق بىلەن ئىستىپا بېرىش ۋە ئەيىبنى بويىنىغا ئېلىپ ئىستىپا بېرىشنى يولغا قويۇش چارىلىرىنى چىڭ تۇتۇپ تۈزۈپ چىقىش كېرەك. تەكلىپ قىلىپ ئىشلىتىش تۈزۈمى كارخانىلار ۋە كەسپىي ئورۇنلاردا ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلدى، پارتىيە-ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى بىر قىسىم رەھبەرلىك ۋەزىپىلىرى، بولۇپمۇ بەزى كەسپ خاراكتېرى بىرقەدەر كۈچلۈك بولغان رەھبەرلىك ۋەزىپىلىرىدىمۇ ئۇلارنىڭ تەجرىبىسىدىن پايدىلىنىپ سىناق تەرىقىسىدە پائال يولغا قويۇش كېرەك. ئىككىنچىدىن، رەھبىرىي كادىرلارنى "تۆۋەنگىمۇ چۈشەلەيدىغان قىلىش"تىكى تۈرلۈك يۇرۇشلۇق تەدبىرلەرنى چىڭ تۇتۇپ تەتقىق قىلىپ ئورنىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. كادىرلارنى "تۆۋەنگىمۇ چۈشەلەيدىغان قىلىش"تىكى گەۋدىلىك بىر مەسىلە چىقىش ئېغىزىنى راۋانلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت. ئالاقىدار سىياسەتلەرنى تەتقىق قىلىپ تۈزۈپ چىقىپ، تىرىشىپ يول ئېچىپ، تەگشەپ تۆۋەنگە چۈشۈرۈلگەن كادىرلارنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك. ھەر كىشىنى قابىلىيىتىگە يارىشا ئىشقا قويۇش، ھەر كىشىنىڭ قابىلىيىتىدىن تولۇق پايدىلىنىش پرىنسىپى بويىچە، رەھبەرلىك ئورنىدىن تەگشەپ تۆۋەنگە چۈشۈرۈلگەن كادىرلارنى ئوخشىمىغان ئەھۋالىنى پەرقلەندۈرۈپ مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ رولىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇش كېرەك. ۋاقىتىنچە خىزمەتكە قويالمىغانلىرىنى ئورنىدا ئىش كۈتۈپ تۇرۇش، ئىش ئورنىدىن يۆتكىلىپ ئۆگىنىش، ئىش ئورنىدىن ئايرىلىپ ئۆزى ئىش تېپىش قاتارلىق تۈرلۈك چارىلەرنى قوللىنىپ مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش لازىم. ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، پارتىيە-ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىكى خىزمەتچى خادىملارنىڭ كۈتۈنۈش، داۋالىنىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى سۇغۇرتا تۈزۈمىنى تېزدىن ئورنىتىپ، چۈشۈرىدىغان ۋە چىقىرىدىغان كادىرلارنى زۆرۈر تۇرمۇش كاپالىتى بىلەن تەمىن ئېتىش كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا، ئىختىساسلىق خادىملار بايلىقىنى ھەقىقىي تۈردە ئەقىلگە مۇۋاپىق ئېچىپ ۋە سەرخىللاشتۇرۇپ تەقسىملەپ، كادىرلار قوشۇنىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، تەگشەپ تۆۋەنگە چۈشۈرۈلگەن كادىرلارنى ئېزىغا چۈشۈپ تەكشۈرۈپ، گەۋدىلىك نەتىجە يارىتىپ ئاممىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەنلىرىنى يېڭىباشتىن ئۆستۈرۈپ ئىشلىتىشكىمۇ بولىدۇ. ئۈچىنچىدىن، رەھبىرىي كادىرلارنى "تۆۋەنگىمۇ چۈشەلەيدىغان قىلىش"قا پايدىلىق ئىجتىمائىي مۇھىتنى تىرىشىپ يارىتىش كېرەك. كادىرلارغا "تۆۋەنگە چۈشۈش" مەسىلىسىگە توغرا قاراش ھەققىدە تەربىيە بېرىش ۋە ئۇلارنى قايىل قىلىش كېرەك. بۇ جەھەتتىكى جامائەت پىكرى تەشۋىقاتىنى كۈچەيتىپ، ئەنئەنىۋى كۆزقاراشنى ئۆزگەرتىپ، پۈتۈن جەمئىيەتتە كادىرلارنى ئۆستۈرگىلىمۇ، چۈشۈرگىلىمۇ بولىدىغان ياخشى كەيپىياتنى يارىتىش كېرەك.

**تۆتىنچى، تەكشۈرۈشنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى ئاچقۇچلۇق ھالقا قىلىپ، ياخشىلارنى تاللاش، ناچارلارنى شاللاپ چىقىرىش مېخانىزمىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم.** بىرىنچىدىن، بىر يۈرۈش ئىلمىي بولغان تەكشۈرۈش كۆرسەتكۈچلىرى سىستېمىسىنى ۋە باھالاش ئۆلچىمىنى تېزدىن تەتقىق قىلىپ تۈزۈپ چىقىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ۋە تەشكىلىي تارماقلار كادىر باشقۇرۇش ھوقۇق دائىرىسى بويىچە پارتىيە-ھۆكۈمەت رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتىدىكى نىشانى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ۋە رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت قائىدىسىنى بەرپا قىلىشى ۋە

مۇكەممەللەشتۈرۈشى، خىزمەت نەتىجىسىنى ئاساسىي مەزمۇن قىلىدىغان تەكشۈرۈش كۆرسەتكۈچلىرى
سىستېمىسىنى تەتقىق قىلىپ ئورنىتىپ، ئوخشاش بولمىغان تۈردىكى، ئوخشاش بولمىغان قاتلامدىكى
رەھبىرىي كادىرلارنى تەكشۈرۈش، باھالاش ئۆلچىمىنى تەپسىلىي قىلىپ، تەكشۈرۈش كۆرسەتكۈچلىرىنىڭ
ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولۇپ، كادىرلارنىڭ ئەخلاقى، قابىلىيىتى ۋە خىزمەت نەتىجىسىنى توغرا ھالدا ئەكس
ئەتتۈرەلەيدىغان بولۇشىنى، ھەم ئىلمىي، ئەقىلگە مۇۋاپىق، ھەم ئىجرا قىلىشقا قولايلىق بولۇشىنى ھەقىقىي
ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. ئىككىنچىدىن، تەكشۈرۈش دائىرىسىنى كېڭەيتىش ۋە تەكشۈرۈش ئۇسۇلىنى
ياخشىلاش كېرەك. تەكشۈرۈش يوللىرىنى كەڭ ئېچىپ، تەكشۈرۈش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، تەكشۈرۈش
مەزمۇنىنى تولۇقلاپ، كادىرلارنىڭ ئەخلاقى، قابىلىيىتى، تىرىشچانلىقى، نەتىجىسىنى ئەتراپلىق تەكشۈرۈش
لازىم. ئامما ئىنكاس قىلغان بەزى كادىرلارنىڭ مەسىلىسى ئۈستىدە مەخسۇس تېما بويىچە تەكشۈرۈش
ئېلىپ بېرىپ، ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېنىقلاش، ئاندىن كېيىن ئۇنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش-تەيىنلىمەسلىكنى
بېكىتىش كېرەك. كادىرلارنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنىڭ ئاشكارىلىق دەرىجىسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، خەلق
رايىنى سىناش ۋە دېموكراتىك ئاساستا باھالاش ئىشىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش، شارائىتى بار جايلاردا
يەنە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقىدىن ئالدىن خەۋەردار قىلىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، جەمئىيەتتىكى
ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىش، شۇ ئارقىلىق تەكشۈرۈش خىزمىتىنىڭ ئوبيېكتىپ، ئادىل
ھالدا ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم. ئۈچىنچىدىن، كادىرلارنى تەكشۈرۈش مەسئۇلىيەت
تۈزۈمىنى بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. تەكشۈرگۈچىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ،
تەكشۈرۈش خىزمىتىنىڭ تەرتىپىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، تەكشۈرۈش ئىنتىزامىنى چىڭىتىپ، تەكشۈرۈش خىزمىتە-
نى كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ نازارەت ئاستىغا قويۇش كېرەك. تەكشۈرۈش خىزمىتىدە پرىنسىپتا چىڭ تۇرماي،
ئەستايىدىللىق، مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئىشلىمەي، ھەتتا مەقسەتلىك ھالدا ھەقىقىي ئەھۋالنى يوشۇرۇپ،
تەكشۈرۈش نەتىجىسىنىڭ ئېغىر ھال يالغان بولۇش ئەھۋالىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولسا، تەكشۈرگۈچىنىڭ
جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈش لازىم.

**بەشىنچى، ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشنى مۇھىم تەدبىر قىلىپ، كادىرلار قوشۇنىنىڭ
ھاياتىي كۈچىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇش كېرەك.** كادىر ئالماشتۇرۇشنى داۋاملىق ئىلگىرى سۈرۈش يۇقىرى
ساپالىق كادىرلار قوشۇنىنى قۇرۇشنىڭ ئېھتىياجى، شۇنداقلا كادىرلار ئىشلىرى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇر-
لاشتۇرۇشنىڭ مۇھىم بىر ۋەزىپىسىدۇر. نۆۋەتتە كادىر ئالماشتۇرۇشنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈشتە «پارتىيە-ھۆ-
كۈمەت رەھبىرىي كادىرلىرىنى ئالماشتۇرۇش خىزمىتى ھەققىدىكى ۋاقىتلىق بەلگىلىمە»نى ئەستايىدىل
ئىزچىللاشتۇرۇپ، مۇنۇلارنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك: بىرىنچىدىن، كادىر ئالماشتۇرۇشتىكى رىغبەت-
لەندۈرۈش مېخانىزمىنى پەيدىنپەي مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. ئىككىنچىدىن، كادىر ئالماشتۇرۇشتىكى
كاپالەت مېخانىزمىنى بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. ئۈچىنچىدىن، كادىر ئالماشۇرۇش
خىزمىتىنىڭ ئىنتىزامىنى چىڭىتىش كېرەك.

**ئالتىنچى، نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىشنى تۈپ كاپالەت قىلىپ، چەكلەش تۈزۈمى ۋە تەدبىرلە-**

www.uyghurkitap.com

**رنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك.** كادىرلارنى تاللاپ ۋەزىپىگە قويۇش پارتكومنىڭ مۇھىم بىر خىزمىتى، قانداق قىلىپ كادىرلار ئىشلىرى خىزمىتىدە ئۈنۈملۈك بولغان كادىرلارنى نازارەت قىلىش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىپ، كۆپ قاتلاملىق، ھەر تەرەپلىك، كۈچلۈك بولغان كادىرلارنى نازارەت قىلىش تۈزۈلمىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، تۈرلۈك نازارەتچىلىك يوللىرىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، چەكلەش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە-ھۆكۈمەت رەھبىرىي كادىرلىرىنى ۋە كادىرلارنى تاللاپ ۋەزىپىگە قويۇش خىزمىتىنى ئۈنۈملۈك نازارەت ئاستىغا قويۇش كادىرلار ئىشلىرى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتىكى بىر مۇھىم مەسىلە. بۇ يەردە مۇنداق ئىككى نۇقتىنى ئالاھىدە تەكىتلەيمەن: بىرىنچىدىن، رەھبىرىي كادىرلارغا بولۇپمۇ ”بىرىنچى باشلىق“قا بولغان نازارەتنى كۈچەيتىش كېرەك. يولداش جياڭ زېمىن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ”نۆۋەتتە نازارەتچىلىك خىزمىتى بولۇپمۇ يۇقىرى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كادىرلار ۋە ئاساسلىق رەھبىرىي كادىرلارغا بولغان نازارەت يەنىلا ئاجىز ھالقا بولۇپ تۇرماقتا. پارتىيە ئىچىدىكى نازارەتچىلىككە دائىر تۈرلۈك تۈزۈملەرنى قەتئىي نىيەتكە كېلىپ يەنىمۇ كۈچەيتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك.“ ”بۇ جەھەتتە، بار تۈزۈملەرنى قەتئىي ئىجرا قىلىش ۋە داۋاملىق مۇكەممەللەشتۈرۈش، يوقلىرىنى تېزدىن بەرپا قىلىش كېرەك. بۇ نۆۋەتتىكى جىددىي ۋەزىپە.“ بىز يولداش جياڭ زېمىننىڭ كۆرسەتمىسىنىڭ روھى بويىچە، ئەمەلىيەتكە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئۈنۈملۈك بولغان نازارەتچىلىك تۈزۈمىنى يەنىمۇ بەرپا قىلىشىمىز ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشىمىز لازىم. رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ بولۇپمۇ ”بىرىنچى باشلىق“نىڭ سىياسىي مەيدان، دېموكراتىك ئاساستا تەدبىر كۆرۈش، ئادەم تاللاش-ئادەم ئىشلىتىش، پاك-تەلەپچان بولۇش قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئەھۋاللىرىنى نازارەتچىلىكنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى قىلىشىمىز كېرەك. يۇقىرى دەرىجىلىك تەشكىلاتلارنىڭ تۆۋەن دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزە ئەزالىرىغا بولۇپمۇ ”بىرىنچى باشلىق“قا بولغان نازارىتىنى كۈچەيتىشىمىز ھەمدە تەشكىلىي نازارەتچىلىك بىلەن ئاممىۋى نازارەتچىلىكنى ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈشكە دىققەت قىلىشىمىز، كۈچلۈك نازارەتچىلىك ئارقىلىق رەھبەرلىك بەنزىسى ۋە رەھبىرىي كادىرلارنىڭ پارتىيىنىڭ فاڭجېن-سىياسەتلىرىنى قەتئىي ئىجرا قىلىشىغا، پارتىيە ئىنتىزامى ۋە دۆلەت قانۇنىغا ئەمەل قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشىمىز لازىم. ئىككىنچىدىن، كادىرلارنى تاللاپ ئۆستۈرۈش، ۋەزىپىگە قويۇش خىزمىتىگە بولغان نازارەتنى كۈچەيتىش كېرەك. بۇنىڭ ھالقىسى «پارتىيە-ھۆكۈمەت رەھبىرىي كادىرلىرىنى تاللاپ ئۆستۈرۈش، ۋەزىپىگە قويۇش خىزمىتى ھەققىدىكى ۋاقىتلىق نىزام»نى ئىزچىل ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش سالمىقىنى ئاشۇرۇشتا. «نىزام»غا خىلاپ قىلمىشلارنى قاتتىق تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش لازىم. مەيلى قانداق كىشىگە بېرىپ تاقىلىشىدىن قەتئىينەزەر ئاخىرىغىچە تەكشۈرۈپ، جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈش كېرەك. بۇ جەھەتتىكى تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، كادىرلارنى كۆرسىتىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى، كادىرلارنى تەكشۈرۈش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى تېزدىن ئورنىتىش، ئادەم ئىشلىتىشتە تەكشۈرۈش مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلمىغان، سەۋەنلىك سادىر قىلىپ قويغانلارنىڭ جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈش تۈزۈمىنى تەتقىق قىلىپ بېكىتىش، ھوقۇق بىلەن مەسئۇلىيەت بىردەك بولۇش پرىنسىپىغا ئاساسەن، كادىرلارنى تاللاپ ئۆستۈرۈش، ۋەزىپىگە قويۇش خىزمىتىدىكى كۆرسىتىش، تەكشۈ-

رۇش، بېكىتىش قاتارلىق ھالقىلاردىكى مەسئۇلىيەت سۇبيېكتى ۋە مەسئۇلىيەت مەزمۇنىنى ئايدىڭ قىلىش كېرەك. ۋەزىپىسىنى ئادا قىلمىغان، مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغانلارنىڭ جاۋابكارلىقىنى ئالاقىدار ئىنتىزام ۋە بەلگىلىمە بويىچە سۈرۈشتۈرۈش كېرەك. ئالاقىدار تارماقلارنىڭ تەقسىمات جەھەتتىن ئىختىساسلىق خادىملار-نى ئەپچىلىشقا، جەلپ قىلىشقا، قابىلىيىتىگە يارىشا ئىشقا قويۇشقا پايدىلىق بولغان رىغبەتلەندۈرۈش مېخانىزمى-نى تېزدىن بەرپا قىلىشقا ئاكتىپلىق بىلەن ھەيدەكچىلىك قىلىش ۋە تۈرتكە بولۇش كېرەك.

## رەھبەرلىكنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، تۈرلۈك ئىسلاھات تەدبىرلىرىنىڭ ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك

كادىرلار ئىشلىرى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش كەڭ ھەم چوڭقۇر ئىنقىلاب، ئۇنىڭدا كادىرلار ئىشلىرى خىزمىتىنىڭ ئىدىيىۋى كۆزقاراش، خىزمەت ئۇسۇلىدىن تارتىپ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ۋە ھەرىكەت مېخانىزمىغىچە بولغان ھەممە تەرەپلىرىدە يېڭىلىق يارىتىش تەلەپ قىلىنىدۇ، ھەرقايسى جەھەتلەرگە بېرىپ تاقىلىدىغان، تۈرلۈك مەنپەئەتنىڭ تەڭشىلىشىگە چېتىلىدىغان بولغاچقا، ۋەزىپە ناھايىتى ئېغىر، ناھايىتى مۇشكۈل، سىياسەت خاراكتېرى ناھايىتى كۈچلۈك، ”ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش“ تەلىپىنىڭ يۇقىرى ساپالىق كادىرلار قوشۇنىنى قۇرۇش خىزمىتىدە ھەقىقىي ئەمەلىيلىشىش-ئەمەلىيلىشەلمەسلىكىگە بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك، ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقنىڭ ئومۇمىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك، شۇڭا بۇ ئىشقا كۈچلۈك تەشكىلىي رەھبەرلىك بىلەن كاپالەتلىك قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

**بىرىنچى، مەسئۇلىيەتنى ئايدىڭلاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇش كېرەك.** كادىرلار ئىشلىرى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ مەسئۇلىيىتى پارتكومدا، ئاچقۇچى رەھبەرلىكتە. كادىرلار ئىشلىرى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە تۇتۇلۇشى خېلى زور دەرىجىدە ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىسنىڭ ئۇنى قانداق يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ تونۇغانلىقى ۋە ئۇنىڭغا قانچىلىك دەرىجىدە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىگە باغلىق. پاكىت ئىسپاتلىدىكى، قەيەردىكى پارتىيە تەشكىلى بولۇپمۇ ئاساسلىق رەھبىرىي بولداش ئىدىيە جەھەتتىن ئەھمىيەت بەرگەن بولسا، ئاكتىپ پوزىتسىيە تۇتقان بولسا، شۇ يەردىكى ئىسلاھات چىڭ تۇتۇلغان، ئۈنۈمى ياخشى بولغان. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار بولۇپمۇ ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار چوڭقۇر مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى، بۇرچ تۇيغۇسىنى، دەۋر تۇيغۇسىنى كۈچەيتىپ، كادىرلار ئىشلىرى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى ئومۇمىيلىقتا ئالاقىدار خىزمەت قاتارىدا مۇھىم ئىشلار كۈن تەرتىپىگە قويۇپ، قىيىنچىلىقتىن قورقماي، كاشىلىلارنى تۈگىتىپ، باشقىلار قىلىپ باقمىغان ئىشلارنى قىلىشقا جۈرئەت قىلىپ، ئىسلاھاتتا بولغان دەرمەھەللىك تۇيغۇسىنى ۋە يېڭىلىق يارىتىش ئېڭىنى ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇشى كېرەك.

**ئىككىنچى، بىر تۇتاش پىلانلاپ، تەڭ ئېتىبار بېرىش، تۈرلەرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىش**

**لازىم.** ماكرو جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىشنى كۈچەيتىش كادىرلار ئىشلىرى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى ئوڭۇشلۇق ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ مۇھىم كاپالىتى. تەشكىلىي تارماق پارتكومنىڭ كادىرلار خىزمىتىنى ئاساسلىق باشقۇرىدىغان ئۇنىۋېرسال فۇنكسىيىلىك تارمىقى بولۇپ، كادىرلار ئىشلىرى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە باشچىلىق قىلىپ ئومۇمىي جەھەتتىن تۇتۇش، ماكرو جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىش، بىر تۇتاش پىلانلاپ ھەر تەرەپلەرنى ماسلاشتۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالغان بولىدۇ. پارتكومنىڭ رەھبەرلىكىدە، «تېزىس»نىڭ تەلپى بويىچە، ئالاقىدار تارماقلارغا ماسلىشىپ كادىرلار ئىشلىرى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى بىر تۇتاش پىلانلاپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇشى لازىم. خىزمەتكە يېتەكچىلىك قىلىش جەھەتتە، "ئۈچ قوشۇن"نى تەڭ تۇتۇپ، پارتىيە-ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، دۆلەت كارخانىلىرى، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ كادىرلار ئىشلىرى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇپ، بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە ئىلگىرى سۈرۈشى لازىم.

**ئۈچىنچى، ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەت ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، ياخشى ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىش كېرەك.** ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ۋە تەشكىلىي تارماقلار چوقۇم پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەت جەھەتتىكى ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، كادىرلار ئىشلىرى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش داۋامىدا بارلىققا كەلگەن تۈرلۈك قىزىق نۇقتا مەسىلىلىرى، قىيىن مەسىلىلەرنى چۆرىدەپ، ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنى قاراتمىلىقى بولغان ھالدا چوڭقۇر، ئىنچىكە، پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، كەڭ كادىرلارنى پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرى ئومۇمىيىتىنى چىقىش قىلىپ شەخسىي مەنپەئەت بىلەن ئومۇمىي مەنپەئەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، ئىسلاھاتنى ئاكتىپ قوللاش ۋە ئۇنىڭغا قاتنىشىشقا يېتەكلەپ، كادىرلار ئىشلىرى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ياخشى ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىپ بېرىشى كېرەك.

**تەرجىمە قىلغۇچىلار: دولقۇن قادىر**
**رىسالەت ئابلا**

**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

# باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنى تېخىمۇ پۇختا، ئۈنۈملۈك ئىشلەيلى

دىڭ گۇەنگېن

يېقىندا مەركەز چاقىرغان ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەت يىغىنى—پارتىيىمىز ئەسىر ئالمىشىۋاتقان تارىخىي پەيتتە، يېڭى ۋەزىيەت، يېڭى ۋەزىپىگە يۈزلىنىپ، ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىپ ۋە ياخشىلاپ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلدۇرۇش مەقسىتىدە ئېچىلغان بىر قېتىملىق مۇھىم يىغىن. باش شۇجى جياڭ زېمىن يىغىندا مۇھىم سۆز قىلدى. يىغىن ناھايىتى ياخشى ئېچىلدى، ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى، بىر قېتىملىق ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، تونۇشنى ئۆستۈرۈش يىغىنى بولدى، بىر قېتىملىق نىشاننى ئايدىڭلاشتۇرۇش، ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، ئىلھاملاندۇرۇش يىغىنى، بىر قېتىملىق يېڭى ئەھۋالنى تەتقىق قىلىش، يېڭى ئۇسۇل ئۈستىدە ئىزدىنىش يىغىنى بولدى. بۇ يىغىن ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتكە تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ ۋە ئۇنى كۈچەيتىپ، ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتتە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشتا چوقۇم مۇھىم رول ئوينايدۇ.

باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ مۇھىم سۆزىدە خەلقئارا ۋەزىيەت ۋە ئىچكى ۋەزىيەت يۈكسەكلىكىدىن چىقىپ، ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەت دۇچ كەلگەن يېڭى ۋەزىيەت، يېڭى ئەھۋال ئەتراپلىق تەھلىل قىلىندى، ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتتە قولغا كەلگەن نەتىجىلەر تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى، ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنىڭ مۇھىم ئورنى تەكىتلەندى، يېڭى ئەسىرگە يۈزلەنگەن ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنىڭ تارىخىي ۋەزىپىسى ئايدىڭلاشتۇرۇلدى، نېگىزلىك، ئومۇمىيلىق خاراكتېرىنى ئالغان بىر قاتار زور نەزەرىيىۋى ۋە ئەمەلىي مەسىلىلەر چوڭقۇر شەرھلەندى. ئېگىزدە تۇرۇپ يىراقنى نەزەر سېلىپ، ئومۇمىيلىقنى نەزەرگە ئالغان، ئىدىيىسى چوڭقۇر، مەزمۇنى مول، سۆزى ئىخچام، سەممىي بولغان بۇ سۆز ناھايىتى كۈچلۈك سىياسىيلىققا، نەزەرىيىۋىلىككە، قاراتمىلىققا، يېتەكچىلىككە ۋە روشەن دەۋر روھىغا ئىگە، ئۇ ئەسىر ھالقىغان ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەت ئۈستىدە يۈرگۈزۈلگەن ئىستراتېگىيىلىك مۇھاكىمە، ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتتە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشتىكى پروگراممىلىق خاراكتېرلىك ھۆججەت بولۇپ، زور رېئال ئەھمىيەتكە ۋە چوڭقۇر تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇڭا، بىز ئۇنى چوقۇم ئەستايىدىل ئۆگىنىشىمىز، چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈشىمىز، ھەقىقىي ئىزچىللاشتۇرۇشىمىز كېرەك. باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ بۇ قېتىمقى يىغىندا سۆزلىگەن مۇھىم سۆزىنى

www.uyghurkitap.com

ۋە يېقىنقى مەزگىلدە ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەت ھەققىدە چىقارغان مۇھىم كۆرسەتمىلىرىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق، ئىدىيە جەھەتتە ۋە خىزمەتتە مۇنداق بىرنەچچە نۇقتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ۋە ئىگىلەش كېرەكلىكىنى ھېس قىلدىم.

**1. يېڭى تارىخىي دەۋردە، پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىش ۋە ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك، ئازراقمۇ بوشاشتۇرۇشقا ۋە ئاجىزلاشتۇرۇشقا بولمايدۇ.** پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمىتى— ئىقتىسادىي خىزمەت ۋە باشقا بارلىق خىزمەتلەرنىڭ جان تومۇرى، پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ھەر تۈرلۈك ۋەزىپىلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ مەركىزىي ھالقىسى، پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىزنىڭ مۇھىم سىياسىي ئەۋزەللىكى، پارتىيىمىزنىڭ باشتىن-ئاخىر ”ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش“ تەلىپى بويىچە ئىش قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشىنىڭ مۇقەررەر تەلىپى. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئېلىپ بېرىلغاندىن بۇيان بولۇپمۇ 14-قۇرۇلتايدىن بۇيان، ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتتە يېڭى نەتىجە يارىتىلدى، يېڭى تەجرىبە توپلاندى، يېڭى سىناقتا تاقابىل تۇرۇلدى، ئۇ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقنى ئىلگىرى سۈرۈش، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشنى قۇدرەتلىك روھىي كۈچ ۋە مۇھىم سىياسىي كاپالەت بىلەن تەمىنلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، جۇڭگو سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش يولىدىكى ئۆز-ئۆزىنى ئۆزگەرتىش ئىشىنى ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ، دۇنيادا چوڭقۇر ئۆزگىرىش يۈز بېرىۋاتىدۇ، ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەت نۇرغۇن يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىگە دۇچ كەلمەكتە. ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلغۇزغانسېرى، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشنى ئېلىپ بارغانسېرى، ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتكە شۇنچە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمىتى ھەرگىزمۇ بولسىمۇ بولىدىغان، بولمىسىمۇ بولىدىغان، ھېچقانداق ئۈنۈمى بولمايدىغان ئىش بولماستىن، بەلكى كەم بولسا بولمايدىغان، زور ئۈنۈم بېرىدىغان ئىشتۇر. ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنىڭ پارتىيىنىڭ بارلىق خىزمىتىدىكى ئورنىنى ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ قەتئىي بوشاشماي ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنى تۇتۇش ۋەزىپىسىنى ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ، ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنىڭ سۈپىتىنى ۋە سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش تەلىپىنى ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ.

**2. ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنىڭ ۋەزىپىسى.** ئىلمىي نەزەرىيە بىلەن كىشىلەرنى قوراللاندۇرۇپ، توغرا جامائەت پىكرى بىلەن كىشىلەرنى يېتەكلەپ، ئالىيجاناب روھ بىلەن كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈپ، نادىر ئەسەرلەر بىلەن كىشىلەرنى ئىلھاملاندۇرۇپ، پۈتكۈل مىللەتنىڭ ئىدىيە-ئەخلاق ۋە پەن-مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، تىرىشىپ غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزامچان سوتسىيالىستىك پۇقرالارنى تەربىيىلەپ ۋە يېتىشتۈرۈپ چىقىش، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى يېڭىچە مۇناسىۋەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ياخشى ئىجتىمائىي كەيپىيات يارىتىش، خەلق ئاممىسىنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى، تەشەببۇسكارلىقىنى ۋە ئىجادچانلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش، شۇ ئارقىلىق پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى ۋە دۆلەتنىڭ

قانۇن-نىزاملىرىنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىگە كاپالەتلىك قىلىش، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش.

**3. ماركسىزمنىڭ يېتەكچىلىك ئورنىدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇستەھكەملەش پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ، باشتىن-ئاخىر توغرا نىشاننى بويلاپ ئىلگىرىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىشنىڭ تۈپ ئىدىيىۋى ئاساسى.** ئىدېئولوگىيە ساھەسىنى ماركسىزم، پرولېتارىياتنىڭ ئىدىيىسى ئىگەللىمىسە، ھەر خىل ماركسىزمغا زىت، پرولېتارىياتقا زىت ئىدىيىلەر ھەتتا ماركسىزمغا قارشى ئىدىيىلەر ئىگەللەپ كېتىدۇ. بىز باشتىن-ئاخىر ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى بولۇپمۇ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇشىمىز كېرەككى، يېتەكچى ئىدىيە جەھەتتە كۆپ خىللاشتۇرۇش يولىنى تۇتۇشقا قەتئىي بولمايدۇ. نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرگەن ھالدا پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات ئومۇمىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك يىگى زور ئىستراتېگىيىلىك مەسىلىلەر ئۈستىدە، رېئال تۇرمۇش ئوتتۇرىغا قويغان، كادىرلار ۋە ئامما كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان زور ئىدىيىۋى، نەزەرىيىۋى مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ ۋە ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ، تىرىشىپ ئىلمىي، قايىل قىلارلىق، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئىزاھ ۋە چۈشەندۈرۈش بېرىپ، نەزەرىيىنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتتىكى ئاساسلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك. ماركسىزمنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى كۈچەيتىش كېرەك، سىياسىي نىشان ۋە تۈپ پرىنسىپقا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەردە چوقۇم روشەن ۋە قەتئىي پوزىتسىيە بىلەن كەڭ كادىر ۋە ئاممىنىڭ توغرا ئىدىيىۋى، نەزەرىيىۋى تونۇشتا چىڭ تۇرۇشىغا ياردەم بېرىش كېرەك. ماركسىزمنىڭ ئىلمىي روھى ۋە ئاساسىي قائىدىلىرىدە چىڭ تۇرۇپ، ماركسىزمنىڭ دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەيدىغان نەزەرىيىۋى خىسلىتىنى ساقلاپ، ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، يېڭى ئەھۋالنى تەتقىق قىلىپ، يېڭى مەسىلىنى ھەل قىلىپ، نەزەرىيىنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك.

**4. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا قىلچە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشنى كۈچلۈك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ۋە كاپالەت بىلەن تەمىنلەش كېرەك.** ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەت ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت بۇ مەركەزگە بويسۇنۇشى ۋە ئۇنىڭغا خىزمەت قىلىشى كېرەك، قانداق ئەھۋالدا يولۇقۇشتىن قەتئىينەزەر بۇ مەركەزدىن تەۋرىنىشكە ۋە ئۇنىڭغا تەسىر يەتكۈزۈشكە بولمايدۇ. ئىقتىسادىي خىزمەت ۋە ھەر تۈرلۈك كەسپىي خىزمەتلەرگە زىچ بىرلەشتۈرگەن ھالدا ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنى خەلق ئاممىسىنىڭ ماددىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش جەھەتلەردىكى ئەمەلىي پائالىيەتلىرىگە سىڭدۈرۈش كېرەك. ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، مۇقىملىقنى ساقلاش، ئىلھاملاندۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىجابىي تەشۋىقاتنى ئاساس قىلىپ، توغرا جامائەت پىكرى يېتەكچىلىكىنى چىڭ ئىگىلەپ، ئاساسىي مېلودىيىنى ياڭرىتىپ، تەشەببۇسكار جەڭ قىلىپ، ئىتتىپاقلىشىشقا بولىدىغان بارلىق كۈچلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى ئىشقا سېلىپ، پاسسىپ ئامىللارنى ئاكتىپ ئامىللارغا ئايلاندۇرۇپ، كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى ياخشى يېتەكلەپ، ياخشى قوغداپ، ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، ئىسلاھات، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش

www.uyghurkitap.com

كېرەك.

**5. غايە، ئېتىقادنى يادرو قىلىپ، ئىدىيە-ئەخلاق تەربىيىسىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىش كېرەك.** پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى ۋە ئاساسىي لۇشيەنى تەربىيىسىنى چوڭقۇر ئېلىپ بېرىش، ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىپچىلىق، سوتسىيالىزم تەربىيىسى ۋە ”بېيىغاندا مەنبەسىنى ئەسلەش، بېيىغاندا يەنمۇ ئىلگىرىلەشنى ئويلاش“ تەربىيىسىنى چوڭقۇر ئېلىپ بېرىش، دۇنيا قاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، قىممەت قارىشى تەربىيىسىنى چوڭقۇر ئېلىپ بېرىش، ماركسىزملىق ماتېرىيالىزم، خۇداسىزلىق ۋە ئىلمىي روھ تەربىيىسىنى چوڭقۇر ئېلىپ بېرىش كېرەك. پۈتۈن پارتىيىدە ئۆگىنىشنى تەكىتلەيدىغان، سىياسەتنى تەكىتلەيدىغان، توغرا كەيپىياتنى تەكىتلەيدىغان ياخشى كەيپىياتنى شەكىللەندۈرۈش، پۈتۈن جەمئىيەتتە خۇراپاتلىققا، نادانلىققا قارشى تۇرىدىغان، ھەر خىل يالغان-ياۋىداق گەپلەرنى توسىدىغان ساغلام كەيپىياتنى شەكىللەندۈرۈش، دۆلەت ۋە خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويىدىغان ھەم پۇقرالارنىڭ شەخسىي قانۇنلۇق مەنپەئەتىگە تولۇق ھۆرمەت قىلىدىغان سوتسىيالىستىك ھەققانىيەت-مەنپەئەت قارىشىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. ماركسىزمغا بولغان ئېتىقادنى چىڭىتىش، سوتسىيالىزمغا بولغان ئېتىقادنى چىڭىتىش، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا بولغان ئىشەنچنى كۈچەيتىش، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتكە بولغان ئىشەنچنى كۈچەيتىش كېرەك. ئىلغارلىق تەلپى بىلەن كەڭلىك تەلپىنى بىرلەشتۈرۈپ، تەربىيىلەش بىلەن باشقۇرۇشنى، ئەخلاق ئارقىلىق ئىدارە قىلىش بىلەن قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنى بىرلەشتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى بىلەن ماسلىشالايدىغان سوتسىيالىستىك ئىدىيە-ئەخلاق سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش كېرەك.

**6. ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەت ماھىيەتتە ئاممىۋى خىزمەتتۇر. ئاممىۋى لۇشيەندە چىڭ تۇرۇپ، ئامما بىلەن زىچ ئالاقە باغلاپ، ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنى چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن ئىشلەش كېرەك.** ئاممىنىڭ ئىدىيىۋى كەيپىياتى ۋە مەنپەئەت تەلپىنى چۈشىنىش، ئاممىنىڭ ئاھ-زارىغا كۆڭۈل بۆلۈش، ئاممىنىڭ مۇراجىتىگە قولاق سېلىش، بولۇپمۇ زور ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى يۈرگۈزگەن ۋاقىتتا، كەڭ دائىرىدە تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ ۋە ئىنچىكە ئىدىيىۋى خىزمەت ئىشلەپ، ئاممىنى پۈتكۈل خەلقنىڭ ئورتاق مەنپەئەتى بىلەن ئوخشاش بولمىغان ساھەدىكى ئاممىنىڭ ئالاھىدە مەنپەئەتىنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا تونۇش ۋە بىر تەرەپ قىلىشقا يېتەكلەپ، ئاممىنىڭ چۈشىنىشى ۋە قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك. ئىدىيىۋى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش بىلەن ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى بىرلەشتۈرۈش، ئاممىغا تەشۋىقات-تەربىيە ئېلىپ بېرىش بىلەن ئاممىغا ھەققىي خىزمەت قىلىشنى بىرلەشتۈرۈش كېرەك. ھەم داۋلى سۆزلەش، ھەم ئەمەلىي ئىش قىلىش، ھەم داۋلى بىلەن ئادەمنى قايىل قىلىش، ھەم سەمىمىيەت بىلەن ئادەمنى تەسىرلەندۈرۈش، ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئالىدىغان، ئادەمنىڭ قەلبىنى ئىللىتىدىغان، ئادەمنىڭ قەلبىنى جايىغا چۈشۈرىدىغان خىزمەتنى كۆپرەك ئىشلەش، قىيىنچىلىقى بار ئاممىنىڭ ئەمەلىي مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشقا تولۇپ-تاشقان قىزغىنلىق بىلەن ياردەم بېرىش، چىن نىيەت-ساپ كۆڭۈل بىلەن خەلق ئاممىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش كېرەك.

**7. ئىدىيە-مەدەنىيەت بازىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، كۈچ سەرپ قىلىش نۇقتىسىنى ئاساسىي قاتلامغا قويۇش كېرەك.** بارلىق ئىدىيە-مەدەنىيەت بازىلىرى ئىلمىي نەزەرىيىنى تەشۋىق قىلىدىغان، ئىلغار مەدەنىيەتنى تارقىتىدىغان، گۈزەل قەلب يارىتىدىغان بازىغا ئايلىنىشى كېرەك، ھەرگىزمۇ خاتا نەرسىلەرنى ھەممە خەلقنىڭ بولۇپمۇ ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ بەدەن ساغلاملىقى ۋە روھىي ساغلاملىقىغا زىيان يەتكۈزىدىغان نەرسىلەرنى تارقىتىدىغان يول بولماسلىقى كېرەك. جەمئىيەتتىكى بارلىق ئاساسىي قاتلام ئاممىۋى مائارىپ، مەدەنىيەت، كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرى ئاممىغا بىۋاسىتە يۈزلىنىدىغان بولغاچقا، ئۇنى چوقۇم ھەقىقىي تۈردە ياخشى باشقۇرۇش، ياخشى قۇرۇش كېرەك. بارلىق مەنىۋى مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىدىغان ۋە تارقىتىدىغان ئىدىيە-مەدەنىيەت ئورۇنلىرى ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشى، ئىرىشىپ ئىجتىمائىي ئۈنۈم بىلەن ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى توغرا بىرلەشتۈرۈشى كېرەك. ئاممىۋى خاراكتېرلىك مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇپ، توغرا ئىجتىمائىي كەيپىياتنى جارى قىلدۇرۇپ، مەدەنىيلىك سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. ئۇچۇر تور تېخنىكىسىغا ئەھمىيەت بېرىپ ۋە ئۇنى قوللىنىپ، ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىپ، ۋاقىتچانلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، قاپلاش نىسبىتىنى كېڭەيتىپ، تەسىر كۈچىنى ئاشۇرۇش كېرەك. ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمىتى ئاجىز بولۇشتەك گەۋدىلىك مەسىلىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ ھەل قىلىپ، ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەت ۋەزىپىسىنى ھەقىقىي تۈردە ئاساسىي قاتلامغىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك.

**8. يېڭى دەۋردىكى ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنىڭ يېڭى ئالاھىدىلىكى، يېڭى شەكلى، يېڭى مەزمۇنىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، ئۇنىڭ قاراتمىلىقىنى، ئەمەلىي ئۈنۈمىنى، تەشەببۇسكارلىقىنى كۈچەيتىش كېرەك.** ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش جەھەتتە، ئىلگىرى ئۈنۈم بەرگەن ياخشى ئەنئەنىدە، ياخشى ئۇسۇلدا چىڭ تۇرۇش كېرەك، تېخىمۇ مۇھىمى شۇكى، يېڭى ئەھۋالغا ماسلىشىپ ئۈزلۈكسىز يېڭى شەكىل، يېڭى ئۇسۇل، يېڭى ۋاستە ۋە يېڭى مېخانىزم ئۈستىدە ئىزدىنىپ، قانۇنىيەتلىك يېڭى نەرسىلەرنى تېپىپ چىقىپ، ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمىنى ئىرىشىپ يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك. جەمئىيەتنىڭ ئىدىيىۋى ئەھۋالى ئۈستىدە چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ئېغىش خاراكتېرلىك مەسىلىلەرنى ئىزدەپ تېپىپ، پەيدا بولۇش سەۋەبىنى تەھلىل قىلىپ، ھەل قىلىش تەدبىرلىرىنى بېكىتىش كېرەك. كونكرېت ئەھۋالنى كونكرېت تەھلىل قىلىشقا، كونكرېت مەسىلىنى كونكرېت ھەل قىلىشقا دىققەت قىلىپ، ھەر يەرنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئىش كۆرۈش، ھەر ئادەمنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئىش كۆرۈش، ھەر ئىشنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئىش كۆرۈش، ھەر ۋاقىتتىكى ئەھۋالغا قاراپ ئىش كۆرۈش، سەۋرچانلىق، ئىنچىكىلىك بىلەن خىزمەت ئىشلەپ، بىلىندۇرمەي تەسىر كۆرسىتىش، شەكىلۋازلىقتىن، دوگماتىزملىقتىن قاتتىق ساقلىنىش، ئاددىي، قوپال ئۇسۇلدىن قاتتىق ساقلىنىش كېرەك.

**9. سىياسىي جەھەتتە كۈچلۈك، كەسپتە پىششىق، ئىنتىزامى قاتتىق، ئىستىلى توغرا بولغان، كەسپىي خادىملار بىلەن قوشۇمچە ئىشلىگۈچى خادىملار بىرلەشتۈرۈلگەن خىزمەت قوشۇنى قۇرۇپ چىقىش كېرەك.** ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەت قوشۇنى قۇرۇلۇشىغا ئېتىبار بېرىپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇلارنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي ساپاسى ۋە خىزمەت ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈشى كېرەك. ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەت ئىشلەيدىغان يولداشلار "گەپ-سۆز ئارقىلىق ئۈلگە تىكلەش"، "ئەمەلىي ھەرىكەت ئارقىلىق ئۈلگە تىكلەش" جەھەتتە كۆپرەك كۈچ سەرپ قىلىپ، ھەقىقەتنىڭ كۈچى بىلەن پەزىلەتنىڭ كۈچىنى بىرلەشتۈرۈشى كېرەك. بەزى سىياسىي جەھەتتە قەتئىي، كەسپتە پىششىق، ئىستىلى توغرا، خېلى يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيىسى بار ياش، ئوتتۇرا ياشلىق يولداشلارنى تەربىيىلەپ ۋە تاللاپ ئۆستۈرۈپ، ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەت ئورۇنلىرىنى تولۇقلاش، سىياسىي خىزمەت كادىرلار قوشۇنىنىڭ قۇرۇلمىسىنى سەرخىللاشتۇرۇش كېرەك. بۇنى چوڭ ئىش قاتارىدا جىددىي تۇتۇپ ئىشلەش كېرەك. ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يولداشلار جاپالىق ئەمگەك قىلدى، ئۇلارنىڭ تۆھپىسىگە كۆز يۇمۇشقا بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ خىزمەت ۋە تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈش، ئۇلارنىڭ ئەمەلىي مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشقا تەشەببۇسكارلىق بىلەن ياردەم بېرىش، ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەت ئىشلىگۈچىنىڭ ئىش ئورنى شەرەپلىك، مەسئۇلىيىتى زور دەپ بىلىدىغان، جەمئىيەتتە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىدىغان ياخشى مۇھىت يارىتىش كېرەك.

**10. پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتكە بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش كېرەك.**

ھەر دەرىجىلىك پارتكوم چوقۇم پارتىيىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئورنىنى مۇستەھكەملەش، پارتىيىنىڭ تارىخىي ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش يۈكسەكلىكىدىن چىقىپ تۇرۇپ، "ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىلا قولدا چىڭ تۇتۇش" ئىستراتېگىيىلىك فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەت ئىشلەش مەسئۇلىيىتىنى ھەقىقىي تۈردە ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. پارتكوم شۇجىسىنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەت ۋە ئىدېئولوگىيە خىزمىتىنىڭ ئاساسلىق باشقۇرغۇچىسى بولۇشى پارتىيىمىزنىڭ ياخشى ئەنئەنىسى، ھەرقانداق ئەھۋالدا ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەت ۋە ئىدېئولوگىيە خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى بوشاشتۇرۇشقا بولمايدۇ. ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتكە ئەھمىيەت بەرمەيدىغان، ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەت ئىشلەشنى بىلمەيدىغان ئادەم پىشقان رەھبىرىي كادىر بولالمايدۇ. پارتىيە قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈپ، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇش كۈچى، جەڭگىۋار كۈچىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش، كەڭ پارتىيە ئەزاسى، كادىرلارنىڭ ئۈلگىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك. ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەت پۈتۈن پارتىيىنىڭ خىزمىتى، بۇ خىزمەتنى بارلىق پارتىيە ئەزالىرى ۋە پارتىيىنىڭ رەھبىرىي كادىرلىرى ئىشلىشى، پارتىيىنىڭ تەشكىلىي، تەشۋىقات ئورۇنلىرى ئىشلىشى، پارتىيىنىڭ باشقا ئورۇنلىرى، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى ھەمدە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى، ئاياللار بىرلەشمىسى قاتارلىق خەلق تاشكىلاتلىرى ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارنىڭ ھەممىسى ئىشلىشى، تەڭ تۇتۇپ ئورتاق باشقۇرۇپ، بىرىكمە كۈچ شەكىللەندۈرۈپ، ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتتە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشى كېرەك.

باش شۇجى جياڭ زېمىن ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنىڭ ئورنى ۋە رولى، ۋەزىيىتى ۋە ۋەزىپىسى، يېتەكچى ئىدىيىسى، ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتكە قويۇلىدىغان ئاساسىي تەلەپ، ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنىڭ شەكلى ۋە ئۇسۇلى، قوشۇن قۇرۇلۇشى، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى ھەمدە دىققەت بىلەن ئىگىلەشكە

تېگىشلىك بولغان زور مەسىلىلەر ئۈستىدە ناھايىتى ئېنىق يوليورۇق بەردى، بۇ — يېڭى دەۋردىكى ئىدىيەۋى-سىياسىي خىزمەت ھەققىدىكى ئومۇمىي روھ، ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرۇش. ھازىر ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنىڭ ئومۇمىي روھى ۋە نىشان-ۋەزىپىسى ئايدىڭ بولدى، ئۇنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ھالقىسى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇشتا.

بىز چوقۇم ئىدىيە ۋە ھەرىكىتىمىزنى باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھى بويىچە بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنىڭ مۇھىملىقىنى، ئۇزاق مۇددەتلىكلىكىنى، مۇرەككەپلىكىنى ۋە جاپالىقلىقىنى تولۇق تونۇپ يېتىشىمىز، ئۇنى مەسئۇلىيىتىمىز، بۇرچىمىز، دەۋرنىڭ تەلىپى، تەخىرسىز خىزمەت دەيدىغان ئېڭىمىزنى يەنىمۇ كۈچەيتىشىمىز، باشتىن-ئاخىر "ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىلا قولدا چىڭ تۇرۇش"تا چىڭ تۇرۇشىمىز كېرەك. ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەت بولسىمۇ بولىدۇ، بولمىسىمۇ بولىدۇ، ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلالمايدۇ دەپ قارايدىغان ئىدىيىۋى خاھىشتىن قەتئىي ساقلىنىشىمىز ۋە ئۇنى تۈگىتىشىمىز كېرەك؛ ئىقتىساد يۈكسەلدۈرۈلسىلا، ئىدىيىدىكى مەسىلىلەر ئۆز-ئۆزىدىن ھەل بولۇپ كېتىدۇ دەيدىغان ئىدىيىۋى خاھىشتىن ساقلىنىشىمىز ۋە ئۇنى تۈگىتىشىمىز كېرەك؛ ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنى ئىشلىمەك تەس، ياخشى ئىشلىگىلى بولمايدۇ دەيدىغان ئىدىيىۋى خاھىشتىن ساقلىنىشىمىز ۋە ئۇنى تۈگىتىشىمىز كېرەك. ئەلۋەتتە، ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەت ھەممىنىڭ ئورنىنى ئالالايدۇ، ھەممىگە قادىر بولىدۇ دەيدىغان ئىدىيىۋى خاھىشتىنمۇ ساقلىنىشىمىز ۋە ئۇنى تۈگىتىشىمىز كېرەك. سىياسىي ئېڭىمىزنى، ئومۇمىيەت ئېڭىمىزنى، مەسئۇلىيەت ئېڭىمىزنى كۈچەيتىشىمىز، بازا ئېڭىمىزنى، ئۈلگە بولۇش ئېڭىمىزنى، يېڭىلىق يارىتىش ئېڭىمىزنى كۈچەيتىشىمىز، ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتتىن ئىبارەت بۇ "جان تومۇر"نى چىڭ تۇتۇپ، دائىم ئىشلەپ، تەكرار ئىشلەپ، بوشاشماي ئىزچىل ئىشلەپ، تىرىشىپ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى كۈچلۈك ئىدىيىۋى كاپالەت بىلەن تەمىنلىشىمىز كېرەك.

بىز چوقۇم كۆڭۈل قويۇپ تەشكىللەپ، ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇشىمىز، راست تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، ئەمەلىي ئۈنۈمنى كۆزلىشىمىز، خىزمەتتە قايىل قىلىش كۈچى، جەڭگىۋار كۈچى، تەسىرلەندۈرۈش كۈچى ۋە ئۇيۇشتۇرۇش كۈچىنى كۈچەيتىشىمىز، قاراتمىلىقىنى، ئۈنۈمدارلىقىنى، تەشەببۇسكارلىقىنى ۋە ئىجادچانلىقىنى كۈچەيتىشىمىز كېرەك. چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ئاساسىي ئەھۋالنى ئېنىق ئىگىلەپ، ساقلانغان پەرقنى ئىزدەپ تېپىشىمىز، مەسىلىنىڭ تۈگۈنىنى تۇتۇپ، ئاجىز ھالقىنى تۈگىتىپ، ئۈنۈملۈك تەدبىرنى ئوتتۇرىغا قويۇشىمىز، ھەم ئۇزاق مۇددەتلىك پىلانىنى تۈزۈپ چىقىشىمىز، ھەم قىسقا مۇددەتلىك ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويۇشىمىز، ھەم ماكرو جەھەتتىن تەلەپ قويۇشىمىز، ھەم كونكرېت تەدبىر بەلگىلىشىمىز كېرەك. ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، خىزمەتنى پۇختا ئىشلەپ، شەكىلۋازلىققا قارشى تۇرۇشىمىز كېرەك. شەكىلۋازلىق ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنىڭ نامىنى بۇلغايدۇ، ئۇ ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنىڭ چوڭ دۈشمىنى. بىزنىڭ دېگىنىمىز ئاممىنىڭ ئويلىغىنىدىن ئايرىلىپ كېتىدىغان قۇرۇق تەربىيە بېرىش ھادىسىسىدىن قەتئىي ساقلىنىشىمىز كېرەك؛ ياسالما قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، يۈزەكى ئىش كۆرۈش ھادىسىسىدىن قەتئىي ساقلىنىشىمىز كېرەك؛ ئەمەلىي ئىش قىلىشىمىز، ئەمەلىي ئۈنۈم كۆزلىشىمىز، ئامما ئويلىغاننى

www.uyghurkitap.com

ئۇيۇلۇشىمىز، ئاما ئالدىرىغانغا ئالدىرىشمىز، ئاما چۈشەنمىگەننى چۈشەندۈرۈشىمىز، ئاما قايمۇقۇپ قالغاننى ئىزاھلاپ بېرىشىمىز، ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنى ئاممىنىڭ تۇرمۇشىغا سىڭدۈرۈشىمىز، ئاممىنىڭ قەلبىگە سىڭدۈرۈشىمىز كېرەك.

بىز ئەسىر ئالمىشىۋاتقان، مىڭ يىل ئالمىشىۋاتقان مۇھىم تارىخىي پەيتتە تۇرۇۋاتىمىز، ئالدىمىزدىكى بەش يىل، ئون يىل پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىكى ئىنتايىن مۇھىم بىر مەزگىل. خەلقئارا ۋەزىيەتكە نەزەر سالساق شۇنى كۆرىمىزكى، تىنچلىق بىلەن تەرەققىيات يەنىلا دەۋرنىڭ تېمىسى بولۇپ تۇرماقتا، سىياسىي جەھەتتىكى كۆپ قۇتۇپلىشىش كۈنسېرى روشەنلەشمەكتە، ئىقتىسادنىڭ دۇنياۋىلىشىشى تېز تەرەققىي قىلماقتا، پەن-تېخنىكا ئۇچقاندەك راۋاجلانماقتا، بۇ دۆلىتىمىزنى پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، تەرەققىياتنى تېزلىتىش ئۈچۈن كەڭ سەھنە بىلەن تەمىنلىدى. دۆلەت ئىچىدىكى ۋەزىيەتكە نەزەر سالساق شۇنى كۆرىمىزكى، بىز بىرقەدەر مۇكەممەل بولغان سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئىزچىل، تېز، ساغلام تەرەققىياتىنى ساقلاپ، ئىككىنچى قەدەمدىكى ئىستراتېگىيىلىك نىشاننى غەلىبىلىك تاماملاش ئاساسىدا ھاللىق جەمئىيەتكە قەدەم قويىمىز ۋە ئۇنى قۇرۇپ چىقىمىز، ئۈچىنچى قەدەمدىكى ئىستراتېگىيىلىك نىشانغا قاراپ داۋاملىق ئىلگىرىلەيمىز. جۇڭگودىن زور ئۈمىد بار، سوتسىيالىزمدىن زور ئۈمىد بار. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بىز شۇنىمۇ سەگەكلىك بىلەن كۆرۈشىمىز كېرەككى، خەلقئارا ۋەزىيەت، ئىچكى ۋەزىيەتتىكى چوڭقۇر ھەم مۇرەككەپ ئۆزگىرىش ئالدىدا، قانداق قىلغاندا پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، سىناقنى كۈتۈۋېلىپ، پايدىلىق ئورۇننى ئىگىلەپ، قولايلىق ۋەزىيەتكە يارىشا ئىش كۆرۈپ، بىزنىڭ كەلگۈسىدىكى خەلقئارا رىقابەتتە تېخىمۇ تەشەببۇسكار ئورۇندا تۇرۇشىمىزغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ؛ قانداق قىلغاندا سىياسىي سەزگۈرلۈك ۋە سىياسىي پەرقلەندۈرۈش كۈچىنى كۈچەيتىپ، باشتىن-ئاخىر سىياسىي جەھەتتىكى سەگەكلىكنى ۋە قەتئىيلىكنى ساقلاپ، قەتئىي ھالدا ماركسىزم ئارقىلىق ئىدىيە-مەدەنىيەت بازىسىنى ئىگىلەشتە چىڭ تۇرۇپ، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئورتاق كۈرەش قىلىشىنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي ئاساسىنى مۇستەھكەملىگىلى بولىدۇ؛ قانداق قىلغاندا ئىتتىپاقلىشىشقا بولىدىغان بارلىق كۈچلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى ئىشقا سېلىپ، ئامالىنىڭ بارىچە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇلۇغۋار نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى بىز تەتقىق قىلىپ ھەل قىلىشقا تېگىشلىك زور رېئال مەسىلە. شۇنداقلا ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتكە قويۇلغان يېڭى، تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ. بىز كۈچلۈك كەسىپچانلىق، تولۇپ-تاشقان ئىجادىيەت كۈچى بىلەن يېڭى كۈرەشنى كۈتۈۋېلىشىمىز، يېڭى سىناقتا بەرداشلىق بېرىشىمىز، يېڭى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز، يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشىمىز كېرەك.

ئۇلۇغ ئىش ئۇلۇغ روھقا مۇھتاج. ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قانچە زور بولسا، ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتكە شۇنچە ئەھمىيەت بېرىش ۋە ئۇنى شۇنچە كۈچەيتىش كېرەك؛ ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، كۈچلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ، يۈز مىليونلىغان خەلقنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا ئاتلىنىشقا جەلپ قىلىش ۋە

سەپەرۋەر قىلىش قانچە زۆرۈر بولسا، ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتكە شۇنچە ئەھمىيەت بېرىش ۋە ئۇنى شۇنچە كۈچەيتىش كېرەك. ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەت ئىشلەشتە ۋەزىپىمىز ئېغىر، يولىمىز يىراق، قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار كۆپ. ئېغىر تارىخىي ۋەزىپىنى، مەركەزنىڭ تاپشۇرۇقىنى، خەلقنىڭ ئۈمىدىنى ئۈستىمىزگە ئالماقتىمىز. چوقۇم يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئىتتىپاقلىشىپ، غەيرەتكە كېلىپ، روھىمىزنى ئۇرغۇتۇش، قوشۇنىنى روھلاندۇرۇپ، ئىشەنچنى كۈچەيتىش، خىزمەتنى پۇختا ئىشلەپ، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىش دېگەن تەلەپ بويىچە ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەت سەۋىيىسىنى تىرىشىپ يۇقىرى كۆتۈرۈپ، خەلق ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلىشىمىز، سوتسىيالىزم ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلىشىمىز، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خىزمىتىنىڭ ئومۇمىيىتى ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلىشىمىز، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆزىمىزنىڭ بارلىقىنى بېغىشلىشىمىز لازىم.

**تەرجىمە قىلغۇچى: قاھار پولات**
**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

www.uyghurkitap.com

# يېڭى دەۋردىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك بىرلىك سەپ يەنىلا پارتىيىنىڭ مۇھىم ئەڭگۈشتىرى

ۋاڭ جاۋگو

60 يىلىنىڭ ئالدىدا، يولداش ماۋ زېدۇڭ «〈كوممۇنىست〉 ژۇرنىلىنىڭ نەشر قىلىنىشىغا بېغىشلىما» دا مۇنداق داڭلىق سۆزنى قىلغان: ”بىرلىك سەپ، قوراللىق كۈرەش، پارتىيە قۇرۇلۇشى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ جۇڭگو ئىنقىلابىدا دۈشمەننى يېڭىشنى تەمىن ئېتىدىغان ئۈچ ئەڭگۈشتەر، ئۈچ ئاساسىي ئەڭگۈشتەر.“ يېڭى دەۋرگە قەدەم قويغاندىن كېيىن، دۆلەت ئىچىدىكى سىنىپلار مۇناسىۋىتىنىڭ تۈپتىن ئۆزگىرىشىگە ۋە پارتىيە خىزمىتىنىڭ مەركىزىي نۇقتىسىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك يۆتكىلىشىگە ئەگىشىپ، يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق كۆرسەتكەن: ”بىرلىك سەپ ھېلىھەم مۇھىم بىر ئەڭگۈشتەر، ئۇنى كۈچەيتىش كېرەككى، ئاجىزلاشتۇرۇشقا بولمايدۇ، ئۇنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىش كېرەككى، تارايتىشقا بولمايدۇ.“ («دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 2-توم، 437-بەت) پارتىيىنىڭ 13-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 4-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئەۋلاد رەھبەرلىك كوللېكتىپى قايتىدىن تەكىتلەپ مۇنداق دېگەن: ”ئەڭ كەڭ دائىرىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك بىرلىك سەپنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش پارتىيىمىزنىڭ قەتئىي تەۋرەنمەيدىغان ئىستراتېگىيىلىك فاڭجېنى، بۇ فاڭجېن ھەرگىز ئۆزگەرمەيدۇ.“ بىز پارتىيىنىڭ ئۈچ ئەۋلاد مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك يادروسىنىڭ مۇناسىۋەتلىك بايانلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، نۆۋەتتىكى خەلقئارا ۋەزىيەت، دۆلەت ئىچىدىكى ۋەزىيەت ۋە بىرلىك سەپ خىزمىتى ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، بىرلىك سەپنىڭ پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خىزمىتىنىڭ ئومۇمىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى، يېڭى تارىخىي شارائىتتا يەنىلا پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنىڭ بۈيۈك غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشتىكى مۇھىم بىر ئەڭگۈشتىرى ئىكەنلىكىنى تولۇق تونۇپ يېتىشىمىز لازىم.

## 1. بىرلىك سەپ خىزمىتى پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك ئورنى ۋە خەلق ھاكىمىيىتىنىڭ مۇستەھكەملىنىشىگە مۇناسىۋەتلىك

بىر دۆلەت قانداق پارتىيە تۈزۈمىنى تاللاشتا ھەم دەۋر ئېقىمىغا ماسلىشىشى، ھەم شۇ دۆلەتنىڭ دۆلەت ئەھۋالى ۋە كونكرېت ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىشى لازىم. دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ كونكرېت دۆلەت ئەھۋالى ئوخشىمىغاچقا، پارتىيە تۈزۈمىمۇ ئوخشاش بىر قېلىپقا سېلىنىشى مۇمكىن ئەمەس. جۇڭگوغا

ئوخشاش مۇشۇنداق نەچچە مىڭ يىللىق فېئوداللىق ئەنئەنىگە ئىگە دۆلەتتە قانداق قىلغاندا زامانىۋى پارتىيە تۈزۈمىنى بەرپا قىلغىلى ۋە جەمئىيەتنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىنى ئۇيۇشتۇرغىلى بولىدۇ؟ قايتا-قايتا سىناق قىلىش ۋە جاپالىق ئىزدىنىش ئارقىلىق، جۇڭگو كومپارتىيىسى ۋە ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە-گۇرۇھلار تارىخىي تەرەققىيات ئېقىمىغا ماسلىشىپ، جۇڭگونىڭ كونكرېت دۆلەت ئەھۋالىنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ، ئەڭ ئاخىرىدا جۇڭگو كومپارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى كۆپ پارتىيە ھەمكارلىشىش ۋە سىياسىي مەسلىھەت ئېلىپ بېرىش تۈزۈمىدەك جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان يېپيېڭى پارتىيە تۈزۈمىنى ئورناتتى ھەمدە جۇڭگو كومپارتىيىسى بىلەن ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە-گۇرۇھلار ”ئۇزاق مۇددەت بىللە تۇرۇش، ئۆزئارا نازارەت قىلىش، بىر-بىرىدىن سىر ساقلىماسلىق، باشقا كەلگەننى تەڭ كۆرۈش“ فاڭجېننى ئوتتۇرىغا قويدى.

جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتناشقۇچى پارتىيە بولغان دېموكراتىك پارتىيە-گۇرۇھلار دۆلەت ھاكىمىيىتىگە ئاكتىپ قاتنىشىدۇ، دۆلەتنىڭ چوڭ سىياسەت، فاڭجېنلىرى ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ نامزاتلىرى ئۈستىدىكى مەسلىھەتكە قاتنىشىدۇ، دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا قاتنىشىدۇ، دۆلەتنىڭ فاڭجېن، سىياسەت، قانۇن، نىزاملىرىنى تۈزۈش، ئىجرا قىلىش ئىشلىرىغا قاتنىشىدۇ، بۇ ھەم دېموكراتىك پارتىيە-گۇرۇھلارنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسەتكە بولغان چۈشەنچىسىنى ئاشۇرۇشقا، ھەم پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تەدبىر بەلگىلىشىنىڭ دېموكراتىيىلىشىش ۋە ئىلمىيلىشىشىغا پايدىلىق، ئۇ پارتىيىمىزنى ئوخشىمىغان ئاۋازلارنى ئاڭلاپ تۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ، يالغۇز پارتىيە ئەزالىرىغىلا تايىنىپ تەمىن ئېتىش تەس بولغان بىر خىل نازارەت بىلەن تەمىن ئېتەلەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىلىقىدىكى دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ سىياسىي ئاساسىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملىگىلى ۋە كېڭەيتكىلى بولىدۇ. ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، نۆۋەتتە دېموكراتىك پارتىيە-گۇرۇھلاردىن ۋە پارتىيىسىز زاتلاردىن 120 مىڭدىن ئارتۇق كىشى مەملىكەتلىك ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىللىكىنى ئۆتىمەكتە، 240 مىڭدىن ئارتۇق كىشى مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش ۋە ھەر دەرىجىلىك سىياسىي كېڭەشلەرنىڭ ۋېيىۋەنلىكىنى ئۆتىمەكتە، 9 مىڭدىن ئارتۇق پارتىيىسىز زاتلار ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ۋە ئەدلىيە ئورۇنلىرىدا رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىمەكتە، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئورۇنلىرىدا سىياسىي كېڭەش ئېلىپ بېرىش، دېموكراتىك نازارەت قىلىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش-دۆلەت ئىشلىرى ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈش جەھەتلەردە ئۆز رولىنى ئۈنۈملۈك ھالدا جارى قىلدۇرماقتا. 50 نەچچە يىللىق تارىخىي تەرەققىيات شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى، جۇڭگو كومپارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى كۆپ پارتىيە ھەمكارلىشىش ۋە سىياسىي مەسلىھەت ئېلىپ بېرىش تۈزۈمى جۇڭگونىڭ دۆلەت ئەھۋالىغا ئۇيغۇن، زور ئەۋزەللىككە ئىگە بولغان سوتسىيالىستىك پارتىيە تۈزۈمىدۇر، ئۇ دۆلىتىمىزنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىدا مۇھىم رول ئوينىدى، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشتى.

نۆۋەتتە، خەلقئارا ۋەزىيەت ۋە ئىچكى ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۆزگىرىشى جۇڭگو كومپارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى كۆپ پارتىيە ھەمكارلىشىش ۋە سىياسىي مەسلىھەت ئېلىپ بېرىش تۈزۈمىنى قەتئىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

داۋاملاشتۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشكە يۈقىرى تەلەپ قويماقتا. بىر تەرەپتىن، خەلقئارادىكى دۈشمەن كۈچلەر كۈچىنىڭ بارىچە دۆلىتىمىزنى «غەربچىلەشتۈرۈش»، «پارچىلاش» ئىستراتېگىيىلىك سۈيىقەستىنى يۈرگۈزۈپ، جۇڭگو كومپارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى كۆپ پارتىيە ھەمكارلىشىش تۈزۈمىنى بۇزۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا غەربنىڭ كۆپ پارتىيىلىك تۈزۈمىنى دەسسىتىشكە ئۇرۇنۇۋاتىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، دۆلىتىمىز ئىشلىك ئېچىۋېتىلگەن، كۆپ خىللاشقان ئىجتىمائىي مۇھىتتا تۇرماقتا، بىر قىسىم خاتا ئىدىيىۋى كۆزقاراشلار مۇقەررەر ھالدا بىرلىك سەپنىڭ كەڭ ئەزالىرىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، جۇڭگو كومپارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى كۆپ پارتىيە ھەمكارلىشىش ۋە سىياسىي مەسلىھەت ئېلىپ بېرىش تۈزۈمىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇشنىڭ مۇقەررەرلىكىنى، مۇۋاپىقلىقىنى ۋە ئەۋزەللىكىنى نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈش ئاساسىدا تولۇق تونۇپ يېتىش ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇڭلاشقا، بىز پارتىيە تۈزۈمى قۇرۇلۇشىنىڭ ئالاھىدە مۇھىملىقىنى تولۇق تونۇپ يېتىپ، جۇڭگو كومپارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى كۆپ پارتىيە ھەمكارلىشىش ۋە سىياسىي مەسلىھەت ئېلىپ بېرىش تۈزۈمىنى ياخشى قۇرۇشىمىز، ئۇنىڭ رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇشىمىز، غەربتىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى، دېموكراتىيە مەسىلىلىرىنى باھانە قىلىپ بىزگە قىلغان ھۇجۇمىنى تارمار قىلىپ، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك ئورنىنى ۋە خەلق ھاكىمىيىتىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملىشىمىز لازىم.

## 2. بىرلىك سەپ خىزمىتى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، جەمئىيەت مۇقىملىقى ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىگە مۇناسىۋەتلىك

جۇڭگودا 56 مىللەت بار، كۆپ مىللەتلىك بولۇش جۇڭگونىڭ ئاساسىي دۆلەت ئەھۋالىنىڭ بىرىدۇر. دۆلىتىمىز يەنە كېلىپ كۆپ دىنلىق دۆلەت، كاتولىك دىنى، خىرىستىئان دىنى، ئىسلام دىنى، بۇددا دىنى، تەرىقەت دىنى دېگەنلەرنىڭ ئېتىقادچىلىرى تەخمىنەن 100 مىليوندىن ئارتۇق. پۈتۈن يەر شارى مىقياسىدىن ئېيتقاندا، مىللىي مەسىلە، دىنىي مەسىلە ئۇزاق مۇددەتلىك بولۇش، مۇرەككەپ بولۇش، ۋە سەزگۈر بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە، بەزى مەسىلىلەر قارىماققا كىچىكتەك كۆرۈنىدۇ، ئەمما ئازراقلا بىخەستىلىك قىلسا، ياخشى بىر تەرەپ قىلىنمىسا، بەزى ۋەقەلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن، ھەتتا بىر رايوننىڭ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىتتىپاقلىق، مۇقىملىق ۋەزىيىتىگە تەسىر يەتكۈزۈشى مۇمكىن. دۆلىتىمىزدەك كۆپ مىللەتلىك، كۆپ دىنلىق دۆلەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، مىللىي مەسىلىگە، دىنىي مەسىلىگە ئەھمىيەت بېرىش، مىللىي مەسىلىنى، دىنىي مەسىلىنى توغرا تونۇش ۋە توغرا بىر تەرەپ قىلىش دۆلەتنىڭ تەرەققىياتىغا، جەمئىيەتنىڭ ئالغا بېسىشىغا، مىللەتنىڭ گۈللىنىشىگە، زېمىننىڭ پۈتۈنلۈكىگە مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىشتۇر.

جۇڭگو كومپارتىيىسى قۇرۇلغاندىن بۇيان، مىللىي مەسىلىگە، دىنىي مەسىلىگە ئىزچىل ئەھمىيەت بېرىپ كەلمەكتە. جۇڭگو كومپارتىيىسى يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب مەزگىلىدىلا ماركسىزملىق مىللەت

نەزەرىيىسىنى جۇڭگونىڭ مىللەتلەر ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، مىللىي مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىدىغان بىر قاتار پروگراممىلىق خاراكتېرلىك ھۆججەتلەر ۋە سىياسەتلەرنى شەكىللەندۈرگەنىدى؛ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش داۋامىدا، پارتىيىمىز يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، مىللىي مەسىلىنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىدىغان سىياسەت ۋە تۈزۈملەرنى تۈزۈپ چىقتى ھەمدە ئۇنى قانۇن شەكلى ئارقىلىق تۇراقلاشتۇردى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى 3-ئەۋلاد رەھبەرلىك كوللېكتىپى مىللىي مەسىلىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى. 1993-يىلى يولداش جياڭ زېمىن "مىللىي مەسىلە، دىنىي مەسىلىدە كىچىك ئىش يوق" دەپ ئوتتۇرىغا قويدى. 1999-يىلى مەركىزىي كومىتېت مىللىي خىزمەت يىغىنىدا يولداش جياڭ زېمىن، پۈتۈن پارتىيە مىللىي مەسىلىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك، دەپ چاقىرىق چىقاردى. ئۇ مۇنداق كۆرسەتتىكى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بىز ئىلگىرىلەش جەريانىدا ئاز بولمىغان قىيىنچىلىق ۋە خېيىم-خەتەرگە يولۇقتۇق، بۇنىڭ ئىچىدە سىياسىي ساھەدىنمۇ بار، ئىقتىساد ساھەسىدىن ۋە تەبىئەت دۇنياسىدىنمۇ بار، دۆلەت ئىچىدىنمۇ بار، دۆلەت سىرتىدىنمۇ بار، شۇنداقتىمۇ بىز ھەممىسىگە تاقابىل تۇردۇق، دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق ۋەزىيىتىنى ساقلاپ قالدۇق، بۇنىڭ ناھايىتى مۇھىم بىر سەۋەبى شۇكى، مەملىكىتىمىزدىكى 56 مىللەت باشتىن-ئاخىر بىر نىيەت-بىر مەقسەتتە زىچ ئىتتىپاقلاشتى، ئەسىر ھالقىيدىغان تەرەققىيات سەپىرىدە، بىز مىللىي خىزمەتنى داۋاملىق بوشاشماي ياخشى ئىشلەپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشىمىز لازىم.

نۆۋەتتە خەلقئارادىكى بىر قىسىم دۆلەتلەر ۋە رايونلار بىلەن روشەن سېلىشتۇرما بولغىنى شۇكى، دۆلىتىمىزدە مىللەتلەر مۇناسىۋىتى ئىناق، مىللەتلەر رايونلىرىدا جەمئىيەت مۇقىم، ئىقتىساد تەرەققىي قىلىنىۋاتىدۇ، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتى ئىزچىللاشتۇرۇلۇۋاتىدۇ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈۋاتىدۇ، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر دىنىي ئىشلارغا بولغان باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە كۈچەيتىپ، دىنىي سوتسىيالىستىك جەمئىيەت بىلەن ماسلىشىشقا پائال تۈردە يېتەكلەۋاتىدۇ، پارتىيە بىلەن دىنىي ساھەدىكى دوستلار سىياسىي جەھەتتە ئىتتىپاقلىشىپ ھەمكارلىشىۋاتىدۇ، ئېتىقاد جەھەتتە ئۆزئارا ھۆرمەتلىشىۋاتىدۇ. دەل پارتىيىنىڭ فاڭجېن-سىياسەتلىرىنىڭ توغرا يېتەكچىلىكى بولغاچقا، ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان كەڭ ئامminنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئومۇمىي خەلقنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى بولغاچقا، مەملىكەتنىڭ باشقا رايونلىرىغا ئوخشاش مىللىي رايونلاردىمۇ جۇشقۇن ھالەتتە گۈللەپ ياشناۋاتقان مەنزىرە بارلىققا كەلدى، دىنىي ساھەدىكى كەڭ ۋەتەنپەرۋەر زاتلارمۇ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا پائال ئاتلىنىپ، ئۆزىنىڭ تېگىشلىك تۆھپىسىنى قوشتى.

ئەمما، شۇنىمۇ كۆرۈپ يېتىشىمىز لازىمكى، مىللىي، دىنىي خىزمەتتە كەسكىن سىناقمۇ دۇچ كەلمەكتىمىز. مىللىي مەسىلە جەھەتتە، ئاساسلىقى خەلقئارادىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ قوللىشى ئاستىدا، مىللىي بۆلگۈنچىلىك پائالىيەتلىرى تولىمۇ ياماراپ كەتتى، ئۇلار دۆلىتىمىزنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىنى بۇزۇشقا ئۇرۇنماقتا. دىنىي مەسىلە جەھەتتە، خەلقئارادىكى دۈشمەن كۈچلەر دىنىي مەسىلىدىن پايدىلىنىپ، ھەر خىل يوللار ئارقىلىق سىڭدۈرمىچىلىك ۋە ئاغدۇرمىچىلىق پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ

بارماقتا، شۇنىڭ بىلەن دۆلىتىمىزدىمۇ ئەھمىيەت بېرىشكە ئەرزىيدىغان دىنىي مەسىلىلەر ساقلانماقتا. شۇڭلاشقا، بۆلگۈنچىلىككە، سىگدۈرمىچىلىككە قارشى تۇرۇش ئۇزاق مۇددەتلىك ھەم مۇشكۈل سىياسىي كۈرەشتۇر، بىز يۇكسەك سىياسىي ھۇشيارلىقنى ساقلاپ، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىنى ئاكتىپ قوغدىشىمىز لازىم.

## 3. بىرلىك سەپ خىزمىتى ۋەتەننى تىنچ يول بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈش بۈيۈك ئىشىغا مۇناسىۋەتلىك

ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈش، جۇڭخۇانى گۈللەندۈرۈش زامانىمىزدىكى جۇڭگو خەلقىنىڭ ئالدىغا قويۇلغان ئىككى چوڭ تارىخىي ۋەزىپىدۇر. پارتىيىنىڭ 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، يولداش دېڭ شياۋپىڭ "ۋەتەننى تىنچ يول بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈش، بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش"تەك بۈيۈك تەسەۋۋۇرنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇ تەسەۋۋۇر پارتىيىمىز ۋە ھۆكۈمىتىمىزنىڭ ۋەتەننىڭ بىرلىكى مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىكى ئاساسىي دۆلەت سىياسىتى بولۇپ قالدى. ۋەتەننى تىنچ يول بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈش دېگەنلىك، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، بىرلىك سەپ ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، بىرلىك سەپنىڭ كەڭ ئىتتىپاقلىقى، كەڭ بىرلىكىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ ۋەتەننىڭ تولۇق بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش دېگەنلىكتۇر. دېمەك، بىرلىككە كېلىشتىن بۇرۇن، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئاساسىدىكى كەڭ ئىتتىپاقلىقنى ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندۇرۇش، زورايتىش ئارقىلىق، ئالاقىنى كۈچەيتىمىز، دوسلۇقنى ئورنىتىمىز، ھېسسىيات جەھەتتىن بىر-بىرىمىزگە يېقىنلىشىمىز، ئورتاق تونۇشقا كېلىمىز، ئىختىلاپ ۋە توسالغۇلارنى تۈگىتىمىز؛ بىرلىككە كەلگەندىن كېيىن، ئىككى خىل ئىجتىمائىي تۈزۈم تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا، بىرلىك سەپكە تايىنىپ ئىدېئولوگىيىسى ئوخشاش بولمىغان، تۇرمۇش ئۇسۇلى ئوخشاش بولمىغان كىشىلەرنى كەڭ كۆلەمدە ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، بىر نىيەت-بىر مەقسەتتە قول تۇتىشىپ ئىلگىرىلەپ، جۇڭخۇانى گۈللەندۈرۈشنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى ئاچىمىز.

ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئېلىپ بېرىلغان 20 يىلدىن بۇيان، بىرلىك سەپتە ۋەتەنپەرۋەرلىك بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، كىشىلەرنىڭ ھىمايىسىنى پائال تۈردە قولغا كەلتۈرۈپ، ۋەتەننىڭ چوڭ قۇرۇقلۇقى بىلەن تەيۋەنلىك قېرىنداشلار، شاڭگاڭ، ئاۋمېنلىق قېرىنداشلار ۋە چەت ئەلدىكى مۇھاجىرلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە ۋە ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈردۇق، ئۇلارنىڭ ۋەتەننىڭ چوڭ قۇرۇقلۇقىغا بولغان ئىنتىلمە كۈچى ۋە ئۇيۇشۇش كۈچىنى يەنىمۇ ئاشۇردۇق، ۋەتەننى تىنچ يول بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۇلۇغ ئىشىنى ئىلگىرى سۈردۇق. شياڭگاڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەن ئۈچ يىلدىن بۇيان، دۇڭ جيەنخۇا باشچىلىقىدىكى شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى ھۆكۈمىتى مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ قوللىشى ئاستىدا، "بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش" فاڭجېنىنى ئەستايىدىل يولغا قويۇپ، قەتئىي تۈردە شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي

رايونى نېگىزلىك قانۇنى بويىچە سىياسەت يۈرگۈزۈپ، ئۈنۈملۈك خىزمەتلەر ئارقىلىق، ”شياڭگاڭنى شياڭگاڭلىقلار ئىدارە قىلىش“، ”يۈكسەك ئاپتونومىيە“نى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈردى. ئاۋمېن ۋەتەن قوينىغا ئۆكتۈشلۈق قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، خې خوخۇانى مەمۇرىي باشلىق قىلغان ئالاھىدە رايون ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى، ۋەتەننى سۆيۈش، ئاۋمېننى سۆيۈش ئاساسىدىكى بىرلىك سەپ ئاۋمېننىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي تۇرمۇشىدا مۇھىم رول ئوينىدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، دېڭىز بوغۇزىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى خادىملارنىڭ بېرىش-كېلىشى ۋە ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى جەھەتتە ناھايىتى چوڭ تەرەققىياتلار بولدى. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ”ۋەتەننى تىنچ يول بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈش“، ”بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش“ فاڭجېنىنىڭ غەلىبىسى، شۇنداقلا بىرلىك سەپنىڭ غەلىبىسى.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىز شۇنىمۇ سەگەكلىك بىلەن كۆرۈپ يېتىشىمىز لازىمكى، ”ۋەتەننى تىنچ يول بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈش“، ”بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش“ فاڭجېنىنى يۈرگۈزۈش جەريانىدا خەلقئارادىكى جۇڭگوغا قارشى كۈچلەر شياڭگاڭ، ئاۋمېننىڭ ئۇزاققىچە مۇقىم بولۇشى، تەرەققىي قىلىشى ۋە گۈللىنىشىنى خالىمايدۇ، تەيۋەن مەسىلىسىدىن پايدىلىنىپ بىزنى چۈشەپ قويۇش سۇيىقەستىمۇ ئۆزگەرگىنى يوق. ئۇلار جۇڭگونىڭ بىرلىككە كېلىشىنى كۆرۈشنى خالىمايدۇ، تۈرلۈك ھىلە-مىكىرلەر بىلەن جۇڭگونىڭ تىنچ يول بىلەن بىرلىككە كېلىشىگە توسقۇنلۇق قىلىدۇ. بىر قىسىم تەيۋەن مۇستەقىللىقىنى تەشەببۇس قىلغۇچى بۆلگۈنچىلەر يامان غەرەز بىلەن ”ئىككى جۇڭگو“، ”بىر جۇڭگو، بىر تەيۋەن“، ”تەيۋەن مۇستەقىللىقى“ دېگەنلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، جۇڭگونىڭ زېمىنىنى ۋە ئىگىلىك ھوقۇقىنى پارچىلاشقا ئۇرۇنماقتا، بۇ ھال ئىككى قىرغاق مۇناسىۋىتىنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئېغىر دەرىجىدە تەسىر يەتكۈزمەكتە. بۇ يىل تەيۋەن رايونىدا رەھبەرلىك سايلىمى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، ”تەيۋەن مۇستەقىللىقى“نى تەشەببۇس قىلغۇچى جاھىل ئۇنسۇر لۈي شيۇليەن ئاشكارا سۆز قىلىپ ”تەيۋەن مۇستەقىللىقى“نى تەشەببۇس قىلىپ، ”تەيۋەن بىر ئىگىلىك ھوقۇقىغا ئىگە مۇستەقىل دۆلەت“ دېگەن مەيدانىدا جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇردى، ئۇ ”قوشنا قېرىنداش“ دېگەن گەپ بىلەن دېڭىز بوغۇزىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكىسى ئىككى جۇڭگولۇقلار دۆلىتى دېگەننى تەرغىپ قىلىپ، بىر جۇڭگو پرىنسىپىغا ئاشكارا ھالدا جەڭ ئېلان قىلدى، ھەتتاكى ياپونىيىنىڭ تەيۋەننى بېسىۋالغانلىقىغا مەدھىيە ئوقۇدى، بۇ جۇڭگو خەلقىنىڭ مىللىي غۇرۇرىغا ۋە مىللىي ھېسسىياتىغا قاتتىق تەگدى. بۇنىڭغا قارىتا جۇڭگو ھۆكۈمىتى كەسكىن باياناتلار ئېلان قىلىپ: تەيۋەنلىكلەرمۇ جۇڭگولۇقلار، ئىككى قىرغاقتىكى قېرىنداشلار قان قېرىنداشتۇر. تەيۋەندە مەيلى تەختكە كىم چىقسۇن، تەيۋەننىڭ جۇڭگونىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىدەك ئەمەلىيەتنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. ئىچكى ئۇرۇشنىڭ ئاياغلاشمىغانلىقى بىلەن كېلىپ چىققان ئىككى قىرغاقنىڭ دۈشمەنلىشىش ھالىتىمۇ گومىنداڭنىڭ تەختتىن چۈشۈشى بىلەن يوقىلىپ كەتمەيدۇ. جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە خەلقى بىر جۇڭگو پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇشتەك مۇشۇنداق دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىگە چېتىلىدىغان تۈپ مەسىلىدە قەتئىي تەۋرەنمەيدۇ. ”تەيۋەن مۇستەقىللىقى“ مەيدانىدا چىڭ تۇرىدىغان ھەرقانداق ئادەم بىلەن بىز قەتئىي ئاخىرغىچە كۈرەش قىلىمىز.

ئۇزاقتىن بۇيان، پارتىيىمىز ۋە ھۆكۈمىتىمىز شۇنى قايتا-قايتا ئۇتتۇرىغا قويدىكى، بىر جۇڭگو پرىنسىپى تىنچ يول بىلەن بىرلىككە كېلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئاساسى ۋە ئالدىنقى شەرتى، بىر جۇڭگو پرىنسىپى ئاستىدا تۇرۇپ ھەرقانداق مەسىلىنى مۇھاكىمە قىلىشقا بولىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن، بىز يەنىلا "ۋەتەننى تىنچ يول بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈش، بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش" فاڭجېنى ۋە رەئىس جياڭ زېمىننىڭ ئىككى قىرغاق مۇناسىۋىتىنى راۋاجلاندۇرۇش، ۋەتەننىڭ تىنچ يول بىلەن بىرلىككە كېلىش جەريانىنى ئىلگىرى سۈرۈش ھەققىدىكى "8 تۈرلۈك تەشەببۇسى" بويىچە تەيۋەنگە قارىتىلغان خىزمەتنى بولۇپمۇ تەيۋەن خەلقىگە قارىتىلغان خىزمەتنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەپ، ۋەتەننىڭ تولۇق بىرلىككە كېلىشىنى بالدۇرراق ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن يېڭى تۆھپىلەرنى قوشىمىز.

## 4. بىرلىك سەپ خىزمىتى ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭ ئاساسىي گەۋدىلىك ئورنىنىڭ مۇستەھكەملىنىشى ۋە ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىكىدىن باشقا ئىگىلىكنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا مۇناسىۋەتلىك

پارتىيىنىڭ 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، پارتىيىمىز ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىشتا چىڭ تۇرۇش، كۆپ خىل ئىقتىسادىي تەركىبلەرنى راۋاجلاندۇرۇش فاڭجېنىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ 15-قۇرۇلتىيىدىن بۇيان ھەرقايسى جايلارنىڭ دۆلەت ئىگىلىكى ۋە كوللېكتىپ ئىگىلىكنى داۋاملىق راۋاجلاندۇرۇپ زورايتىش بىلەن بىرگە، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىكىدىن باشقا ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشنى يېڭى يۈكسىلىش نۇقتىسى قىلىشى بىلەن، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىكىدىن باشقا ئىگىلىك تېز سۈرئەتتە راۋاجلىنىپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىپ قالدى. نۆۋەتتە، مەملىكەت بويىچە يەككە سودا-سانائەت تىجارەتچىلىرى 31 مىليون 600 مىڭدىن ئاشىدۇ، خۇسۇسىي كارخانا 1 مىليون 500 مىڭدىن ئاشىدۇ، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىكىدىن باشقا ئىگىلىكنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتە بولمىغان زاتلاردىن ئىبارەت مۇشۇنداق يېڭى بىر ئىجتىمائىي ئادەملەر توپى شەكىللەندى ھەمدە بىر تۈركۈم ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئادەملەر بارلىققا كەلدى. ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىكىدىن باشقا ئىگىلىكتىكى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە زاتلار يېڭى دەۋردىكى بىرلىك سەپ خىزمىتىنىڭ مۇھىم ئوبيېكتىغا ئايلاندى. ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىكىدىن باشقا ئىگىلىكتىكى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە زاتلارغا قارىتىلغان بىرلىك سەپ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش پارتىيىنىڭ ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىكىدىن باشقا ئىگىلىككە بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئىتتىپاقلىششقا بولىدىغان بارلىق كۈچلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىش ئۈچۈن، يېڭى دەۋردىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك بىرلىك سەپنى مۇستەھكەملەش ۋە زورايتىش ئۈچۈن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

دۆلىتىمىزدە ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش سىياسىتى يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىكىدىن باشقا ئىگىلىكتىكى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە زاتلار ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش، بازارنى جانلاندۇرۇش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، باج تاپشۇرۇش، پىرېۋوت تېپىش، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ساقلاش قاتارلىق تەرەپلەردە ئىجابىي تۆھپىلەرنى قوشتى. بولۇپمۇ نۆۋەتتىكى ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىكىدىن باشقا ئىگىلىكتىكى زاتلار مۇھىم رول ئوينىدى. ستاتىستىكا قىلىنىشىچە، نۆۋەتتە ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىكىدىن باشقا ئىگىلىكتىكى كارخانىلار ھەر خىل خادىملاردىن 80 مىليوندىن ئارتۇق ئادەمنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئىشقا ئورۇنلىشىشنىڭ مۇھىم بىر يولىغا ئايلىنىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىكىدىن باشقا ئىگىلىكتىكى خادىملارنىڭ تەركىبى مۇرەككەپ، ساپاسى تەكشى بولمىغاچقا، بىر قىسىملاردا مۇنداق ياكى ئۇنداق مەسىلىلەر ساقلانماقتا. مەركەز ئوتتۇرىغا قويغان ”ئىتتىپاقلىشىش، ياردەم بېرىش، يېتەكلەش، تەربىيىلەش“ فاڭجېنىغا ئاساسەن، بىز ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىكىدىن باشقا ئىگىلىكتىكى كىشىلەرگە قارىتىلغان ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ ۋەتەننى سۆيۈشكە، كەسپىكە ئىشتىياق باغلىشىغا، قانۇنغا رىئايە قىلىشىغا ياردەم بەردۇق، ئۇلارنىڭ نامراتلارنى يۆلەپ روناق تاپقۇزۇشنى مەزمۇن قىلغان شان-شەرەپ كەلتۈرۈش ئىشىنى قانات يايدۇرۇشنى پائال تۈردە قوللىدۇق، سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيەتلىك تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈرگەن بۇ ئىشلاردا زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردۇق. تولۇقسىز مەلۇماتلارغا قارىغاندا، نۆۋەتتە شان-شەرەپ كەلتۈرۈش ئىشىدا يولغا قويۇلغان تۈرلەر 3820 دىن ئارتۇق، نەقلەشكەن پۇل 10 مىليارد 500 مىليون يۈەن بولۇپ، 1 مىليون 920 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنىڭ قورساق توق، كىيىم پۈتۈن بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ نامراتلارنى يۆلەش بويىچە مۇستەھكەم ئىستىھكامغا ھۇجۇم قىلىش ئىستراتېگىيىسىگە ماسلىشىش ئۈچۈن، نامراتلىقنى تۈگىتىش، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى ۋە ھەرقايسى جايلار خەلقىنىڭ ئورتاق بېيىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئاكتىپ تۆھپىلەرنى قوشتى. شان-شەرەپ كەلتۈرۈش ئىشى يەنە غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش، خەلقئارا ئالاقە ۋە ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش جەھەتتە ئېخمۇ زور رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، شان-شەرەپ كەلتۈرۈش ئىشى سوتسىيالىزم ماھىيىتىنىڭ تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈردى، ئۇ ھەم بىر خىل بازارنى يېتەكچى قىلغان نامراتلارنى يۆلەش ھەرىكىتى، ھەم ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىكىدىن باشقا ئىگىلىكتىكى زاتلارغا بولغان يېتەكچىلىكنى ۋە تەربىيىنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىم ۋاستىسىدۇر. شان-شەرەپ كەلتۈرۈش ئىشىغا قاتنىشىش ئارقىلىق ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىكىدىن باشقا ئىگىلىكتىكى زاتلارنىڭ ئاڭ سەۋىيىسى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆستى. باش شۇجى جياڭ زېمىن شان-شەرەپ كەلتۈرۈش ئىشىغا ئۆز قولى بىلەن مۇنداق بېغىشلىما يېزىپ بەرگەن: ”جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى گۈزەل ئەخلاقىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئورتاق بېيىشنى ئىلگىرى سۈرەيلى“. ھازىر، پارتىيە رەھبەرلىكىنى قوللايدىغان، سوتسىيالىزم يولىدا قەتئىي ماڭىدىغان ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىكىدىن باشقا ئىگىلىكتىكى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە زاتلار قوشۇنى تەدرىجىي ھالدا شەكىللەنمەكتە. ئۆتكەن يىلى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش

ھەيئىتى، مەملىكەتلىك سودا-سانائەت بىرلەشمىسىنىڭ دائىمىي ھەيئىتى بولغان ئۇمۇمىي مۇلۇكچىلىكتىكىدىن باشقا ئىگىلىكتىكى 33 نەپەر زات پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئۇمۇمىي مۇلۇكچىلىكتىكىدىن باشقا ئىگىلىكتىكى زاتلارغا «ئىناۋەت خىتابنامىسى»نى تارقىتىپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ۋەدىدە تۇرۇش، ئىناۋەتنى مۇھىم كۆرۈش، ئاتاق-ئابرۇيىنى قەدىرلەشتىن ئىبارەت ئەنئەنىۋى گۈزەل ئەخلاقىنى جارى قىلدۇرۇپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ نورمال تەرتىپىنى ئورتاق قوغداپ، ياخشى ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىشنى تەشەببۇس قىلدى. ھازىر ئۇمۇمىي مۇلۇكچىلىكتىكىدىن باشقا ئىگىلىكتىكى زاتلاردىن بۇ پائالىيەتكە ئاۋاز قوشقانلىرى بارغانسېرى كۆپەيمەكتە. يېقىندا، ئۇمۇمىي مۇلۇكچىلىكتىكىدىن باشقا ئىگىلىكتىكى كەڭ زاتلار يەنە جياڭ زېمىننىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، ”بېيىغاندا مەنبەسىنى ئەسلەش، بېيىغاندا يەنىمۇ ئىلگىرىلەشنى ئويلاش“ پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، پائال تۈردە يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، ئۆز تەرەققىياتىنى تېزلىتىش بىلەن بىرگە، باشقا ئاممىنىمۇ ئورتاق بېيىشقا يېتەكلىدى. «ئىناۋەت خىتابنامىسى»نى تارقىتىش ۋە «بېيىغاندا مەنبەسىنى ئەسلەش، بېيىغاندا يەنىمۇ ئىلگىرىلەشنى ئويلاش“ تەربىيە پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش ئۇمۇمىي مۇلۇكچىلىكتىكىدىن باشقا ئىگىلىكتىكى ئۇقۇمۇشلۇق زاتلارنىڭ شان-شەرەپ كەلتۈرۈش ئىشىدىن كېيىن قىلغان زور ئىشى، ھەم ئۇلارنىڭ سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيلىك ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىغا قاتناشقانلىقىنىڭ كونكرېت ئىپادىسى، شۇنداقلا ئۇمۇمىي مۇلۇكچىلىكتىكىدىن باشقا ئىگىلىكتىكى زاتلارغا قارىتىلغان ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىش يولىدىكى يېڭى ئىزدىنىشتۇر.

## 5. بىرلىك سەپ خىزمىتى پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپ ئارقىلىق دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشقا مۇناسىۋەتلىك

نۆۋەتتە دۇنيا تەرەققىياتىنىڭ بىر روشەن يۈزلىنىشى ئەقلىي ئىگىلىك دەۋرىنىڭ يېتىپ كېلىشىدۇر، بۇندىن كېيىن خەلقئارا جەمئىيەتتىكى رىقابەت ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى جەھەتتىكى ئېلىشىش، پەن-تېخنىكا جەھەتتىكى رىقابەت ۋە ئېلىشىشتۇر. تەرەققىي تاپقان ئەللەر بىلەن بولغان پەرقنى تېزدىن كىچىكلىتىش ئۈچۈن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن ”پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپ ئارقىلىق دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش“ ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئەقلىي ئىگىلىك دەۋرىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن، پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپ ئارقىلىق دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشتا مۇھىمى كەڭ زىيالىيلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى تولۇق قوزغاش ۋە جارى قىلدۇرۇش لازىم. بىرلىك سەپ كەڭ زىيالىيلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇشتەك شەرەپلىك ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: ”زىيالىيلار مەسىلىسىگە بىرلىك سەپ بۆلۈمى دىققەت قىلىشى لازىم. زىيالىيلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، تەمىناتى جۈملىدىن سىياسىي جەھەتتىكى، تۇرمۇش جەھەتتىكى ئىشلارنى باشقا ئورۇنلار ئۇمۇمىي جەھەتتىن ئويلاپ بولالمايدۇ...بىرلىك سەپ بۆلۈمى بۇ ئىشلارنى مۇھاكىمە قىلىشى، باشقۇرۇشى مۇشۇ جەھەتتىكى ئەھۋاللار-

نى، ئومۇمىي قىياپىتىنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئىنكاس قىلىشى لازىم. مەسىلىنى ھەل قىلىش بولسا پۈتكۈل دۆلەتنىڭ ئىشى.» زىيالىيلار ئىچىدە %70نى ئىگەللەيدىغىنى پارتىيىسىز زىيالىيلاردۇر، بىرلىك سەپ تارماقلىرىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى مۇناسىۋەتلىك تەرەپلەر بىلەن زىچ ماسلىشىپ، مۇشۇ جەھەتتىكى تەسىرى بار، ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە زاتلارغا قارىتىلغان خىزمەتنى پائال تۈردە ياخشى ئىشلەشتىن ئىبارەت. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، تەسىرى بار، ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە زاتلار ئاساسلىقى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى، سىياسىي كېڭەش ھەيئەتلىرى ئىچىدىكى پارتىيىسىز زىيالىيلار، ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە-گۇرۇھلار، مۇناسىۋەتلىك خەلق تەشكىلاتلىرى ۋە تارىخ-مەدەنىيەت سارايلىرى، مەسلەھەتچىلىك ئىشخانىلىرىدىكى پارتىيىسىز زىيالىيلار، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى، جۇڭگو قۇرۇلۇش ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىكلىق ۋەزىپىلىرىنى ئۆتەۋاتقان پارتىيىسىز زىيالىيلار، ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەر ۋە پەن تەتقىقات ئورگانلىرىدا پەن باشلامچىسى ياكى مۇھىم كەسپىي تايانچ بولۇۋاتقان پارتىيىسىز زىيالىيلار، چوڭ-ئوتتۇرا تىپتىكى كارخانىلار ۋە باشقا تەرەپلەردىكى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە پارتىيىسىز زىيالىيلار قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

كەڭ زىيالىيلارنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا ئەقىل-پاراسىتىنى جارى قىلدۇرۇشى ئۈچۈن شارائىت ھازىرلاپ بېرىش، ياخشى مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەش بىرلىك سەپ بۆلۈمى ۋە ھەرقايسى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ ئورتاق مەسئۇلىيىتى ۋە شەرەپلىك ۋەزىپىسىدۇر. بىز پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ زىيالىيلار ھەققىدىكى فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى داۋاملىق تۈردە ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، پۈتۈن جەمئىيەتتە «بىلىمنى ھۆرمەتلەش، ئىختىساس ئىگىلىرىنى ھۆرمەتلەش»تەك ياخشى كەيپىياتنىڭ كەڭ كۆلەمدە چوڭقۇر ھالدا شەكىللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرىمىز؛ يۇقىرى ساپالىق مۇنەۋۋەر پەن-تېخنىكا ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈشنى مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنغا قويۇپ، تىرىشىپ زىيالىيلارنىڭ ئۆگىنىش، خىزمەت ۋە تۇرمۇشى ئۈچۈن ياخشى شارائىت يارىتىپ بېرىپ، زىيالىيلارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى ۋە ئىجادچانلىقىنى ئەڭ زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرىمىز، ئۇلارنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا بولۇپمۇ دۆلەتنىڭ بىلىم ۋە تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش قۇرۇلۇشىدا تالانتىنى، كارامىتىنى كۆرسىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىمىز، شۇنىڭ بىلەن پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپ ئارقىلىق دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنىڭ ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرىمىز. بىز «خۇاشيا تالانت ئىگىلىرى فوندى» تەسىس قىلىش ئارقىلىق زور بىر تۈركۈم داڭلىق پارتىيىسىز ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ ئىلمىي ئەسەرلىرىنىڭ نەشردىن چىقىشىغا پىلانلىق ھالدا ئىقتىسادىي ياردەم بەردۇق؛ كىچىك پىلانېتلارنى داڭلىق ئالىملار، سەنئەتكارلارنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتاش ئارقىلىق كەڭ پارتىيىسىز زىيالىيلارنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا ئۆزىنى بېغىشلاش ئاكتىپچانلىقىنى يەنىمۇ قوزغىدۇق؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يۇقىرىقى ئىزدىنىشلەر بىزنىڭ يېڭى ۋەزىيەتتىكى پارتىيىسىز زىيالىيلار خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىمىز ئۈچۈنمۇ يېڭى، ئۈنۈملۈك ۋاستە بىلەن تەمىنلىدى. ئەقلىي ئىگىلىكنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، پارتىيىسىز زىيالىيلار قوشۇنى جەزمەن كۈنسېرى زورىيىپ بارىدۇ، بىرلىك سەپ جەزمەن

پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپ ئارقىلىق دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇشتا مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ.

يۇقىرىقى بەش تەرەپتىن بىز شۇنى كۆرۈپ ئالالايمىزكى، بىرلىك سەپ ئىلگىرى پارتىيىمىزنىڭ بىر چوڭ ئەڭگۈشتىرى ئىدى، ھازىر بولسا يەنىلا پارتىيىمىزنىڭ چوڭ ئەڭگۈشتىرى بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. بىز شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكى ئاستىدا، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكى ئاستىدا، ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئەھمىيەت بېرىشى ۋە قوللىشى ئاستىدا، ھەر دەرىجىلىك بىرلىك سەپ تارماقلىرىنىڭ ۋە كەڭ بىرلىك سەپ خىزمەتچىلىرىنىڭ ئورتاق تىرىشىشى ئاستىدا، كەڭ پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ ۋە ئاممىنىڭ يېڭى ۋەزىيەتتىكى بىرلىك سەپنىڭ ئالاھىدە مۇھىملىقىغا بولغان تونۇشىنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، بىرلىك سەپتىن ئىبارەت بۇ ئەڭگۈشتەر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ۋە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئىشلىرىدا جەزمەن تېخىمۇ مۇھىم رول ئوينىغۇسى!

**(ئاپتور: مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى)**

**تەرجىمە قىلغۇچى: دولقۇن قادىر**
**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

# پارتىيە قۇرۇلۇشىنى تۇتۇشتا ئالدى بىلەن پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتۇش لازىم

**—جياڭ زېمىننىڭ مەركىزىي كومىتېت ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەت يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزىنى ئۆگىنىش ھەققىدە(2)**

**ژۇرنىلىمىز ئوبزورچىسى**

يولداش جياڭ زېمىن ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەت يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزىدە تەكىتلەپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: پارتىيە قۇرۇلۇشىنى تۇتۇشتا، ئالدى بىلەن پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتۇش لازىم، چۈنكى ئىدىيىۋى-سىياسىي مەسىلىنى ھەل قىلىش باشقا تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە ئاساسى. پارتىيىنىڭ بۇ ئېسىل ئەنئەنىسى ۋە سىياسىي ئەۋزەللىكىدىن ھەرقانداق چاغدا ۋاز كېچىشكە بولمايدۇ. بۇ—يولداش جياڭ زېمىننىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى ئىنتايىن مۇھىم ئىدىيىسى. بۇ روھنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىدىيىۋى-سىياسىي قۇرۇلۇشنى ياخشى تۇتۇش-تۇتالماسلىق پارتىيىنىڭ ھايات-ماماتىغا ۋە پارتىيە رەھبەرلىك قىلىۋاتقان سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ غەلىبە قىلىشى ياكى مەغلۇپ بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك.

پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي قۇرۇلۇشى پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ نىشانىنى بەلگىلەيدۇ، پارتىيە قۇرۇلۇشىدا مەركىزىي ئورۇندا تۇرىدۇ. يولداش ماۋ زېدۇڭ ئەزەلدىن مۇستەھكەم، توغرا سىياسىي نىشانىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشنى تەكىتلەپ، ”توغرا سىياسىي نۇقتىئىنەزەر بولمىسا، جان بولمىغانغا باراۋەر“ دەپ كۆرسەتكەنىدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭمۇ ”چوقۇم ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنى ئىنتايىن مۇھىم ئورۇنغا قويۇش لازىم“ دەپ كۆرسەتتى. پرولېتارىيات پارتىيىسى ئۆزىنىڭ ئىنقىلابىيلىقىنى، ئىلغارلىقىنى ساقلاش، جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش مەقسىتىدە چىڭ تۇرۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئىدىيىۋى-سىياسىي قۇرۇلۇشنى ياخشى تۇتۇشى لازىم. بۇ—پارتىيىمىزنىڭ ئۆزىنىڭ ئۇيۇشقاقلىقى ۋە جەڭگىۋارلىقىنى ئۆستۈرۈشىنىڭ مۇھىم كاپالىتى. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئىشلىگەندىلا، ئاندىن ھەر خىل مۇرەككەپ ۋەزىيەتتە كاللىسىنى سەگەك تۇتۇپ، ھەر خىل خاتا نۇقتىئىنەزەر ۋە ئىدىيىۋى ئېقىملارنى توسۇپ، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن ۋە سىياسەتلىرىنى توغرا ئىجرا قىلىپ، توغرا سىياسىي نىشاندا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيىمىزنى ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىس-

تىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىك يادروسىغا ئايلاندۇرالايدۇ. پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي قۇرۇلۇشى پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ جېنى، پارتىيىنىڭ ئىستىل قۇرۇلۇشى، تەشكىلىي قۇرۇلۇشى، ئىنتىزام قۇرۇلۇشى، تۈزۈم قۇرۇلۇشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي قۇرۇلۇشىنى ئاساس قىلىدۇ. ئىدىيىۋى-سىياسىي قۇرۇلۇشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويغاندا، پارتىيىنىڭ ھەر تەرەپلىك قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرگىلى، تۈرلۈك خىزمەتلىرى ئۈچۈن مۇستەھكەم ئىدىيىۋى ئاساس ۋە كۈچلۈك مەنىۋى كۈچ بىلەن تەمىن ئەتكىلى بولىدۇ. ”تۇتقا تۇتۇلسا، تارماقلار يۈرۈشۈپ كېتىدۇ“ دېگەن گەپ بار. جېنىمىز بولغان ئىدىيىۋى-سىياسىي قۇرۇلۇش تۇتۇلسا، پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ ھالقىسى تۇتۇلغان بولىدۇ.

پارتىيىمىزنىڭ بىرقانچە ئون يىل كۈرەش قىلىپ، غەلىبىدىن غەلىبىگە قاراپ ئىلگىرىلىيەلىشىدىكى بىر ئاساسىي تەجرىبە پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي قۇرۇلۇشىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەنلىكىدىن ئىبارەت. يېڭى تارىخىي دەۋردە، پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي قۇرۇلۇشىنى تىرىشىپ كۈچەيتىش رېئال ھەم تەخىرسىز مەسىلە، پارتىيىمىزنىڭ ئەسىر ھالقىيدىغان ئۇلۇغ ئىستراتېگىيىلىك نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىنىڭ ئېھتىياجى. نۆۋەتتە، پارتىيىمىز رەھبەرلىك قىلىۋاتقان ئىشلار ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئاچىدىغان، ئۆتكەنكى ئىشلارنى داۋاملاشتۇرۇپ، كېيىنكى ئىشلارغا ئاساس سالىدىغان مۇھىم مەزگىلدە تۇرماقتا، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش سەۋىيىسىنى، رەھبەرلىك سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ چىرىتىشنى توسۇپ ئۆزگىرىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، خېيىم-خەتەرگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش، شۇ ئارقىلىق ئۇلارنى ئەسىر ھالقىيدىغان تارىخىي ۋەزىپىنىڭ تەلىپىگە لايىقلىشالايدىغان قىلىش ئۈچۈن، پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتۇشىمىز تېخىمۇ زۆرۈر. شۇنى كۆرۈش كېرەككى، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشنىڭ داۋاملىق چوڭقۇرلىشىشى ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئىقتىسادىي تەركىب ۋە ئىقتىسادىي مەنپەئەت، ئىجتىمائىي تەشكىلىي شەكىل ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئۇسۇلى، ئىش ئورنى ۋە ئىشقا ئورۇنلىشىش ئۇسۇلى كۈندىن-كۈنگە كۆپ خىللىشىپ، كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى كۆزقارىشىغا ۋە كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە ئۇنداق ياكى بۇنداق تەسىر، جۈملىدىن بەزى پاسسىپ تەسىرلەرنىمۇ كۆرسىتىدۇ؛ تارىختىن قېپقالغان چىرىك، قالاق نەرسىلەر يەنىلا بىزنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىمىزدا ساقلانماقتا. خەلقئارادىكى زومىگەرلىك بىلەن زومىگەرلىككە قارشى تۇرۇش ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش يەنىلا ساقلانماقتا، بەزىدە ھەتتا ناھايىتى كەسكىنلىشىپ كېتىدۇ، ئالەم يەنىلا تىنچ ئەمەس. غەربتىكى دۈشمەن كۈچلەر ھەر خىل ۋاستە ۋە ئۇسۇللار ئارقىلىق ئېلىمىزنى ”غەربچىلەشتۈرۈش“، ”پارچىلاش“ سىياسىي ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش قەدىمىنى تېزلىتىپ، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى ۋە جۇڭگونىڭ سوتسىيالىستىك تۈزۈمىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ. بىزنىڭ دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ھەر خىل دۈشمەن كۈچلەر بىلەن بولغان سىڭىپ كىرىش بىلەن سىڭىپ كىرىشكە قارشى تۇرۇش، ئاغدۇرمىچىلىق قىلىش بىلەن ئاغدۇرمىچىلىق قىلىشقا قارشى تۇرۇش كۈرىشى ئۇزاق مۇددەتلىك، مۇرەككەپ كۈرەش بولىدۇ. بۇلار مۇقەررەر ھالدا پارتىيە ئىچىدە، رەھبىرىي

كادىرلار قوشۇنىدا ئەكس ئېتىدۇ. ھالبۇكى، پارتىيىنىڭ رەھبىرىي كادىرلىرى جۈملىدىن بىر قىسىم مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالغان كادىرلىرى ئارىسىدا، ۋەزىيەت، ۋەزىپىنىڭ تەلىپىگە لايىقلىشالمايدىغان بەزى مەسىلىلەر ئوخشىمىغان دەرىجىدە ساقلانماقتا. مەسىلەن، بەزىلىرىنىڭ غايە-ئېتىقادى چىڭ ئەمەس، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشقا قارىتا تولۇق ئىشەنچ باغلىمىغان، پارتىيە بىلەن بىر نىيەتتە ئەمەس؛ بەزىلىرىنىڭ سىياسىي كۆزقارىشى سۇس، سىياسىي مەيدانى مۇستەھكەم ئەمەس، ھەق بىلەن ناھەقنى، ياخشى بىلەن ياماننى ئايرىيالمايدۇ؛ بەزىلىرىنىڭ ئىستىلى ناچار، نام-شۆھرەتنى قوغلىشىپ، شەكىلۋازلىققا بېرىلىپ كېتىدۇ؛ بەزىلىرىنىڭ قىممەت قارىشى توغرا ئەمەس، پۇلپەرەسلىك ئىدىيىسى ئېغىر بولۇپ، كەيپ-ساپا، ئەيش-ئىشرەتكە بېرىلىپ كەتكەن، تېخىمۇ يامىنى شۇكى، بەزىلىرىنىڭ نەپسى يامان يوغىناپ كەتكەن، ئۇلارنىڭ پارا ئېلىپ قانۇننى بۇزۇشى، چىرىكلىشىش، چۈشكۈنلىشىشى كىشىنى چۆچۈتكىدەك دەرىجىگە بېرىپ يەتكەن. بۇ مەسىلىلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ۋە ئۆسۈپ قېلىشىدىكى توپ سەۋەب بىزنىڭ بەزى پارتىيە تەشكىلاتلىرىمىز ۋە پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلىرىمىزنىڭ پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي قۇرۇلۇشىنى بوشاشتۇرۇپ قويغانلىقى، دۇنياقاراشنى ئۆزگەرتىشكە سەل قارىغانلىقى ۋە ئۇنىڭدىن ۋاز كەچكەنلىكىدە، مۇشۇنداق ئەھۋالدا، قەتئىي ئىرادىگە كېلىپ، زور كۈچ سەرپ قىلىپ پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتمىسەك، تارىخىي خاراكتېرلىك خاتالىق ئۆتكۈزىمىز.

پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي قۇرۇلۇشىنى تۇتۇشتا، ئالدى بىلەن پۈتۈن پارتىيىدە سىستېمىلىق، چوڭقۇر ھالدا ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى بولۇپمۇ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش لازىم. يولداش جياڭ زېمىن: "نەزەرىيە قۇرۇلۇشى پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسى، نەزەرىيە سۈپىتى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي سۈپىتىنىڭ جېنى" دەپ كۆرسەتكەن. نەزەرىيە جەھەتتىن پىشىپ يېتىلىش سىياسىي جەھەتتىن پىشىپ يېتىلىشنىڭ ئاساسى ۋە بەلگىسى. پارتىيە ئىلغار نەزەرىيە بىلەن قوراللانمىسا، ئىلغار پارتىيە بولالمايدۇ؛ ئىلغار نەزەرىيە بىلەن قوراللانمىغان كومپارتىيە ئەزاسى ئىلغار ئەسكەرلىك رولىنى جارى قىلدۇرالمايدۇ. "ئۆزى بىلمەي تۇرۇپ باشقىلارغا چۈشەندۈرمەن" دېيىش ئاقمايدۇ. نۆۋەتتە بەزى تارماقلار ۋە ئورۇنلاردا نەزەرىيىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش كەيپىياتى تېخى شەكىللەنمىدى. خېلى كۆپ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار، جۈملىدىن بىر قىسىم رەھبىرىي كادىرلار ئىچىدە، ئۆگىنىشكە سەل قاراش مەسىلىسى بىرقەدەر گەۋدىلىك. بەزى يولداشلارنىڭ خىزمەتنى نەدىن باشلاشنى بىلەلمەسلىكى، چارە-تەدبىر تاپالماسلىقى، يېڭى ۋەزىيەت يارىتالماسلىقىدىكى مۇھىم بىر سەۋەب نەزەرىيە جەھەتتە ئاساسىنىڭ ئاجىزلىقىدا. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز يېڭى ئەمەلىيەتكە، يېڭى مەسىلىلەرگە، يېڭى تەلەپكە، يېڭى تەرەققىياتقا بىرلەشتۈرۈپ، ماركسىزمنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشىمىز، ماركسىزم مەيدانى، نۇقتىئىنەزىرى، ئۇسۇلى ئارقىلىق مەسىلىلەرنى كۆزىتىش ۋە ھەل قىلىشنى، ئىلمىي نەزەرىيە ئارقىلىق ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز لازىم؛ ماركسىزم بىلەن غەيرىي ماركسىزمنىڭ، ماتېرىيالىزم بىلەن ئىدېئالىزمنىڭ، خۇداسىزلىق بىلەن خۇداگۇيلۇقنىڭ، يەن بىلەن ساختا يەن ھەم فېئودال خۇراپاتلىقنىڭ چېگرىسىنى ئېنىق ئايرىپ، ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىش، راست بىلەن يالغاننى پەرق ئېتىش ئىقتىدارىمىزنى ئاشۇرۇپ، مەسىلىلەرنى

سىياسىي جەھەتتىن كۆزىتىش، تەھلىل قىلىش ۋە بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارىمىزنى كۈچەيتىپ، پارتىيىمىزنى ئىدىيە جەھەتتە تېخىمۇ بىرلىككە كەلتۈرۈشىمىز، سىياسىي جەھەتتە تېخىمۇ مۇستەھكەم قىلىشىمىز لازىم.

پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي قۇرۇلۇشىنى تۇتۇشتا، كەڭ پارتىيىلىك كادىرلارغا غايە ۋە ئېتىقادنى مۇستەھكەملەش توغرىسىدا تەربىيە بېرىشكە ئەھمىيەت بېرىش لازىم. غايە ۋە ئېتىقاد كىشىلەرنىڭ سىياسىي مەيدانى ۋە دۇنيا قارىشىنىڭ كۆرەش نىشانىدا مەركەزلىك ئىپادىلىنىشى. جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ غايە، ئېتىقادى — جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش، ئاخىرىدا كوممۇنىزمنى ئىشقا ئاشۇرۇش. مەيلى ئىلگىرى، ھازىر ياكى كەلگۈسىدە بولسۇن، بۇلار بىز كوممۇنىستلارنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك كۈچ مەنبەيىمىز ۋە كۈچلۈك روھىي تۈۋرۈكىمىز. بۇ سوتسىيالىزم قۇرۇش، ئاخىرىدا كوممۇنىزم جەمئىيىتىگە قەدەم قويۇش ئىنسانىيەت تارىخىدىن بۇيانقى ئەڭ گۈزەل غايە بولغانلىقىدىنلا ئەمەس، تېخىمۇ مۇھىمى ئۇ ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەنلىكىدىندۇر. مۇستەھكەم غايە، ئېتىقاد بولمىسا، توغرا سىياسىي نىشان، سىياسىي مەيدان ۋە سىياسىي نۇقتىئىنەزەر بولمايدۇ، سىياسىي ئىنتىزامغا قاتتىق رىئايە قىلىشمۇ مۇمكىن ئەمەس. ”كاللام كەتسە كەتسۇنكى، مەسلىكىمىز چىن بولسىلا.“ كوممۇنىستلاردا مۇستەھكەم غايە، ئېتىقاد بولسىلا، ھەققانىيەت يولىدا قۇربان بولۇشتىن باش تارتماي، ئىرادىسىدىن قايتماي، ئالدىنقىلارنىڭ ئىزىنى كېيىنكىلەر بېسىپ، پارتىيە ئىشلىرى ئۈچۈن رازىمەنلىك بىلەن تۆھپە قوشالايدۇ، ئازدۇرۇشلارغا تاقابىل تۇرۇپ، چىرىتىشنى توسۇپ، ئۆزگىرىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئالالايدۇ. ئەگەر غايە، ئېتىقادنى يوقىتىپ قويسا ياكى ئۇنىڭدىن ۋاز كەچسە، ھايات-مامات سىنىقىغا دۇچ كەلگەندە، جېنىنى ئاياپ ئۆلۈمدىن قورقۇشى مۇمكىن؛ ھاكىمىيەت يۇرگۈزۈش ۋە ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشنىڭ سىنىقىغا دۇچ كەلگەندە، ھوقۇقنى قالايمىقان ئىشلىتىپ، چىرىپ سۇپىتى ئۆزگىرىپ كېتىشى مۇمكىن. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەريانىدا، تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغان چىرىك ئۇنسۇرلارنىڭ جىنايىتى ئوخشىمىسىمۇ، ئىشلەتكەن ۋاستىلىرى بىر-بىرىدىن پەرقلىق بولسىمۇ، بىراق ئۇلارنىڭ ھەممىسى غايە، ئېتىقادنى يوقىتىشتىن باشلاپ جىنايەت يولىغا ماڭغان. شەرقىي ياۋروپادا زور ئۆزگىرىشنىڭ بولۇشى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشىدىكى مۇھىم بىر سەۋەب غايە، ئېتىقادتىن ۋاز كەچكەنلىكىدىن ئىبارەت، نەتىجىدە كومپارتىيە ھاكىمىيەتتىن مەھرۇم قالدى، دۆلەت پارچىلىنىپ كەتتى. پاكىت ئىسپاتلىدىكى، غايىدىن تەۋرىنىش ئەڭ خەتەرلىك تەۋرىنىش؛ ئېتىقادتىن يالتىيىش ئەڭ خەتەرلىك يالتىيىشتۇر. نۆۋەتتە، ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھاتى مۇستەھكەم ئىستىھكامغا ھۇجۇم قىلىش باسقۇچىغا قەدەم قويدى، تەرەققىيات ھالقىلىق مەزگىلدە تۇرماقتا، دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەر ھەقىقەتەنمۇ بىرقەدەر كۆپ. مۇشۇنداق ئەھۋالدا پارتىيە ئەزالىرىمىز ۋە پارتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلىرىنىڭ غايە، ئېتىقادىنى مۇستەھكەملىشى، ئوبدان روھىي ھالىتىنى ساقلىشى، پارتىيىنىڭ تارىخىي بۇرچىنى ئەستە چىڭ تۇتۇشى، پۈتۈن كۈچىنى پارتىيە ئىشلىرىغا بېغىشلاش، ئۆز نەپسىدىن كېچىپ بەجانىدىللىق بىلەن ئومۇم ئۈچۈن ئىشلەش، بىردەك ئىتتىپاقلىشىش، ئەڭ ئاخىرقى نەپەسكە قەدەر كۆرەش قىلىشتەك روھ بىلەن توغرا يولنى بويلاپ باتۇرانە ئالغا ئىلگىرىلىشى تېخىمۇ زۆرۈر.

پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي قۇرۇلۇشىنى تۇتۇشتا، پارتىيە ۋە پارتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرىي كادىرلىرىدىن باشتىن-ئاخىر خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش مەقسىتىدە چىڭ تۇرۇپ، قانداق ئادەم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش مەسىلىسىنى ئەستايىدىل ھەل قىلىش، "ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش" تەلىپىنى ئەمەلدە كۆرسىتىش تەلەپ قىلىنىدۇ. دۆلىتىمىز سوتسىيالىستىك دۆلەت، دۆلىتىمىزدە بارلىق ھوقۇق خەلققە مەنسۇپ، بارلىق كادىرلار خەلقنىڭ چاكىرى. ھەر بىر پارتىيىلىك كادىر دۇنيا قارىشىنى ئۆزگەرتىشكە ئەھمىيەت بەرمىسە ياكى ئۇنىڭدىن ۋاز كەچسە، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش مەقسىتىدىن چەتلەپ كەتسە، پارتىيە ۋە خەلق بەرگەن ھوقۇقنى شەخسىي مەنپەئەت ئېلىش ۋاستىسى قىلىۋالسا، ئۇ ھالدا، ۋەزىيپىسىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەن بولۇشىدىن، پارتىيە ستاژىنىڭ ئۇزۇن-قىسقا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر شەرمەندە بولۇپ، ئۆزىنى ئۆزى ھاقارەتكە قالدۇرىدۇ. ئەسىر ئالمىشىۋاتقان تارىخىي پەيتتە، بىز "ئىنقىلابقا قاتنىشىشتىن مەقسەت نېمە؟ ھازىرقى ئەمەلدارلار نېمە ئىش قىلىشى كېرەك؟ كەلگۈسىگە نېمىلەرنى قالدۇرۇپ كېتىشىمىز كېرەك" دېگەن بۇ دۇنياقاراشقا، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىغا، قىممەت قارىشىغا چېتىلىدىغان مۇھىم مەسىلىلەر ئۈستىدە چوڭقۇر ئويلىنىشىمىز لازىم، پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي قۇرۇلۇشىنىڭ بارلىق ۋەزىپە ۋە مەسئۇلىيىتى، تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، يولداش جياڭ زېمىن ئوتتۇرىغا قويغان "ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش" تەلىپىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى ئەمەلدە كۆرسىتىشتىن ئىبارەت. پارتىيىلىك رەھبەرىي كادىر بولغان كىشى باشتىن-ئاخىر جۇڭگو خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىشى، توغرا دۇنياقاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە قىممەت قارىشىنى تىكلىشى، دۇرۇس ئادەملەردىن بولۇشى، راستچىل ئادەملەردىن بولۇشى، دىيانەتلىك "ئەمەلدار"لاردىن بولۇشى لازىم. "سايەم مايماق چۈشمىسۇن دېسەڭ ئۆزەڭنى رۇس تۇت، باشقىلارنى دىيانەتلىك بولسۇن دېسەڭ ئۆزەڭنى پاك تۇت". جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش مەقسىتىنى نەمۇنىلىك بىلەن ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، پارتىيىنىڭ خەلق ئاممىسى ئىچىدىكى ئىناۋىتىنى ئۆستۈرۈپ، خەلق ئاممىسىنى ئورتاق ئىشىمىز ئۈچۈن جاسارەت بىلەن كۈرەش قىلىشقا جەلپ قىلىشىمىز ۋە يېتەكلىشىمىز لازىم.

**تەرجىمە قىلغۇچى: خۇدابەردى خېلىل**
**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

www.uyghurkitap.com

# ماركسىزم نەزەرىيىسىنىڭ قايىل قىلىش كۈچى ۋە جەڭگىۋارلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش لازىم

## —جياڭ زېمىننىڭ مەركىزىي كومىتېت ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەت يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزىنى ئۆگىنىش ھەققىدە (3)

ژۇرنىلىمىز ئوبزورچىسى

جياڭ زېمىن مەركىزىي كومىتېت ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەت يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىدە دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇشىنىڭ، خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىش، ئۆزگىرىش يېڭى ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ماركسىزمغا بولغان تەتقىقات ۋە تەشۋىقاتنى كۈچەيتىش، ماركسىزم نەزەرىيىسىنىڭ قايىل قىلىش كۈچى ۋە جەڭگىۋارلىقىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇش لازىملىقىنى تەكىتلەپ ئۆتتى. بۇ مۇھىم بايان يېڭى دەۋردىكى ئىدىيىۋى-نەزەرىيىۋى خىزمەتكە يېڭى ۋەزىپە ۋە تەلەپلەرنى قويغان بولۇپ، ئىنتايىن مۇھىم يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە. بىز بۇ روھنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ، قەتئىي تۈردە ئىزچىللاشتۇرۇشىمىز ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈشىمىز، ماركسىزم نەزەرىيىسىنىڭ قايىل قىلىش كۈچى ۋە جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇرۇش جەھەتتە كۈچ چىقىرىشىمىز لازىم.

ماركسىزم نەزەرىيىسىنىڭ قايىل قىلىش كۈچىنى ۋە جەڭگىۋارلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ماركسىزمنىڭ يېتەكچىلىك ئورنىنى قوغداشنىڭ ئېھتىياجى. خۇددى ماركس، ئېنگېلس كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك: ”ھۆكۈمران سىنىپنىڭ ئىدىيىسى ھەر بىر دەۋردە ھۆكۈمرانلىق ئورنىدا تۇرىدىغان ئىدىيىدۇر.“ ھەرقانداق بىر دۆلەتتىكى ھۆكۈمران سىنىپ ئۆزىنىڭ سىياسىي ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئورنىدىكى ئىدېئولوگىيىسىنى بار كۈچى بىلەن قوغدايدۇ ۋە راۋاجلاندۇرىدۇ. دۆلىتىمىز جەمئىيىتىنىڭ سوتسىيالىستىك خاراكتېرى بىزنىڭ ماركسىزمنىڭ يېتەكچى ئورنىدا چىڭ تۇرۇشىمىز ۋە ئۇنى مۇستەھكەملىشىمىز لازىملىقىنى بەلگىلىگەن. ماركسىزم مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى، دۆلەتنىڭ بىرلىكى ۋە جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىشنىڭ تۈپكى ئىدىيىۋى ئاساسى، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى توغرا بەلگىلەش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ تۈپكى ئىدىيىۋى ئاساسى، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى زور مەنىۋى كۈچتۇر. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشتىن بۇيان، ئىقتىسادنىڭ تېز سۈرئەتتە راۋاجلىنىشى ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىڭ زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، ماركسىزمنىڭ ھەقىقەتنى كۆنسېرى كىشىلەرنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالماقتا، ئەمما شۇنىمۇ كۆرۈپ يېتىش لازىمكى، بىزنىڭ ئىدىيىۋى-نەزەرىيىۋى خىزمىتىمىز تېخى

نەزەرىيىنىڭ قايىل قىلىش كۈچى ۋە جەڭگىۋارلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرالمايۋاتىدۇ. يولداش جياڭ زېمىن ماركسىزم نەزەرىيىسىنىڭ قايىل قىلىش كۈچىنى ۋە جەڭگىۋارلىقىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن، ئىدىيىۋى-نەزەرىيىۋى خىزمەتنىڭ ئاجىز نۇقتىسىنى، ھالقىلىق نۇقتىسىنى ۋە تۇتۇش قىلىش نۇقتىسىنى ئىنتايىن كەسكىنلىك بىلەن كۆرسىتىپ بەردى، بۇ ناھايىتى كۈچلۈك رېئال قاراتمىلىققا ئىگە. بىر تەرەپتىن، بىز ماركسىزمنىڭ يېتەكچى ئورنىدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇستەھكەملەش داۋامىدا، ماركسىزم نەزەرىيىسىنىڭ قايىل قىلىش كۈچىنى ۋە جەڭگىۋارلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشىمىز، يەنە بىر تەرەپتىن، ماركسىزم نەزەرىيىسىنىڭ قايىل قىلىش كۈچى ۋە جەڭگىۋارلىقىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇش ئارقىلىق، ماركسىزمنىڭ يېتەكچى ئورنىدا تېخىمۇ چىڭ تۇرۇشىمىز ۋە ئۇنى تېخىمۇ مۇستەھكەملىشىمىز لازىم.

ماركسىزم نەزەرىيىسىنىڭ قايىل قىلىش كۈچىنى ۋە جەڭگىۋارلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشتا، پارتىيە ۋە خەلقنىڭ ئەمەلىيەت داۋامىدا ياراتقان يېڭى تەجرىبە ۋە ئېرىشكەن يېڭى بىلىملىرىنى ئۆز ۋاقتىدا خۇلاسىلەپ، رېئال تۇرمۇشتا كۆرۈلگەن، كادىرلار ۋە ئامما كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان زور ئىدىيىۋى-نەزەرىيىۋى مەسىلىلەرگە قايىل قىلارلىق جاۋاب بېرىش لازىم. ئىلمىي نەزەرىيىنىڭ قىممىتى ئۇنىڭ ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىشىدا. نەزەرىيە پەقەت ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئەمەلىي مەسىلىلەرگە توغرا جاۋاب بەرگەندە ۋە ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا توغرا يېتەكچىلىك قىلغاندىلا، ئاندىن ئۆزىنىڭ ھەيۋىتىنى كۆرسىتەلەيدۇ ۋە ئاممىنى ھەقىقىي تۈردە ئۆز تەرىپىگە جەلپ قىلالايدۇ. نۆۋەتتە، ئوبيېكتىپ دۇنيادا زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشتا نەزەرىيە جەھەتتىن ئىزاھلاشقا تېگىشلىك نۇرغۇن مەسىلىلەر بار، كادىرلار ۋە ئامما ئارىسىدىمۇ نەزەرىيە جەھەتتىن جاۋاب بېرىشكە تېگىشلىك بەزى مۇجمەل قاراشلار بار. مەسىلەن، سوتسىيالىزم تەرەققىياتىنىڭ تارىخىي مۇساپىسىگە قانداق قاراش، كاپىتالىزم تەرەققىياتىنىڭ تارىخىي مۇساپىسىگە قانداق قاراش، دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىسلاھات ئەمەلىيىتىنىڭ كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىگە بولغان تەسىرىگە قانداق قاراش، نۆۋەتتىكى خەلقئارا مۇھىت ۋە خەلقئارا سىياسىي كۈرەشلەر ئېلىپ كەلگەن تەسىرلەرگە قانداق قاراش—مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ماركسىزم نەزەرىيىسىنىڭ قايىل قىلىش كۈچى ۋە جەڭگىۋارلىقىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن كەڭ زېمىن ھازىرلاپ بەردى. ماركسىزمنىڭ قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولۇشىنىڭ سىرى دەل ئۇنىڭ دەۋر بىلەن بىللە ئىلگىرىلەپ تۇرۇشتەك نەزەرىيىۋى خىسلەتكە ئىگە بولۇشىدا. ماركس، ئېنگېلس، لېنىن ۋە پارتىيىمىزنىڭ ئۈچ ئەۋلاد مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ يادروسى ماۋ زېدوڭ، دېڭ شياۋپىڭ، جياڭ زېمىن ئەزەلدىن نەزەرىيىنى كۈتۈپخانىدىكى بىلىم دەپ قارىماي، ھەمىشە رېئال كۈرەشنىڭ ئېھتىياجىغا زىچ باغلاپ، ئەمەلىيەت ئۈزلۈكسىز ئوتتۇرىغا قويغان زور مەسىلىلەرگە تىرىشىپ جاۋاب بەرگەن، شۇنىڭ بىلەن نەزەرىيىنى ئۈزلۈكسىز بېيىتقان ۋە راۋاجلاندۇرغان. مۇبادا ماركسىزم ئۆزگەرمەس قۇپقۇرۇق دوگمىغا ئايلىنىپ قالسا، كىشىلەرگە ئاددىي ھالدا تەنبىھ بېرىدىغان نەرسىگە ئايلىنىپ قالسا، ئاممىنىڭ جانلىق ئەمەلىيىتىدىن ئايرىلىپ قالسا، ئۇنىڭ قايىل قىلىش كۈچى ۋە جەڭگىۋارلىقى بولمايدۇ، ھاياتىي كۈچىنى يوقىتىپ قويىدۇ. بىز ماركسىزمنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىدا ۋە ئىلمىي روھىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە

چىڭ تۇرۇپ، ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، نۆۋەتتىكى نەزەرىيە جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىش ياكى چۈشەندۈرۈش جەددىي زۆرۈر بولغان مەسىلىلەرگە ئىلمىي، قايىل قىلارلىق، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئىزاھ ۋە چۈشەندۈرۈش بېرىشىمىز لازىم. بۇ جەرياندا ماركسىزم نەزەرىيىسى كىشىنى قايىل قىلغىدەك نەزەرىيىۋى سېھرىي كۈچى ۋە نەزەرىيىۋى ھەيۋىتىنى كۆرسەتسۇن.

ماركسىزم نەزەرىيىسىنىڭ قايىل قىلىش كۈچىنى ۋە جەڭگىۋارلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشتا، ماركسىزمغا قارشى ھەر خىل خاتا ئىدىيىۋى-سىياسىي كۆزقاراشلار بىلەن پائال تۈردە ئىدىيىۋى كۈرەش قىلىش لازىم. خەلقئارادىكى ۋە دۆلەت ئىچىدىكى تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە يەنىلا خىلمۇخىل خاتا ئىدىيىۋى-سىياسىي كۆزقاراشلار مەۋجۇت. بۇ خاتا ئىدىيىۋى-سىياسىي كۆزقاراشلار كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىنى قالايمىقانلاشتۇرۇپلا قالماي، بەلكى پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خىزمىتىنىڭ ئومۇمىيىتىگە دەخلى يەتكۈزىدۇ. نۇرغۇن پاكىتلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئىدىيە-مەدەنىيەت بازىسىنى مارك-سىزم، پرولېتارىيات ئىدىيىسى ئىگىلىمىسە، ماركسىزمغا يات، پرولېتارىياتقا يات، ھەتتاكى ماركسىزمغا قارشى ئىدىيىلەر ئىگىلەپ كېتىدۇ. جەڭگىۋارلىق ماركسىزمنىڭ تۇغما خىسلىتى، ماركسىزمنىڭ جۇشقۇن ھاياتىي كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنىڭ ئىپادىسى. ماركسىزم كۈرەش ئىچىدە راۋاجلىنىدۇ، ھەم كۈرەش داۋامىدىلا راۋاجلىنىدۇ. بىز ماركسىزم نەزەرىيىسىنىڭ قايىل قىلىش كۈچىنى ۋە جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ماركسىزمدىن ئىبارەت ئىدىيىۋى قورالنى قولىمىزغا ئېلىپ، بايرىقىمىز روشەن ھالدا ھەر خىل خاتا ئىدىيىۋى-سىياسىي كۆزقاراشلارنى تەنقىدلىشىمىز لازىم. مەسىلەن، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئوچۇق-ئاشكارا ھالدا "پۈتۈنلەي غەربچىلەشتۈرۈش"نى تەرغىپ قىلىپ، سىياسىي جەھەتتە غەربچە كۆپ پارتىيىلىك تۈزۈم ۋە پارلامېنت دېموكراتىيىسىنى، ئىقتىسادىي جەھەتتە خۇسۇسىيلاشتۇرۇشنى، ئىدىيە، مەدەنىيەت جەھەتتە ماركسىزمنىڭ يېتەكچى ئورنىنى ئېلىۋېتىشنى، قىممەت قارىشى جەھەتتە چېكىدىن ئاشقان شەخسىيەتچىلىكنى تەشەببۇس قىلىدىغان خاتا كۆزقاراشلارنى؛ پارتىيە ۋە خەلقنىڭ كۈرەش تارىخىنى بۇرمىلايدىغان، ماركسىزمغا قارا چاپلايدىغان، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتكە رازى بولماسلىقتا قۇتراتقۇلۇق قىلىدىغان ھەر خىل خاتا كۆزقاراش-لارنى؛ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشقا قارىتا گۇمان بىلەن قارايدىغان ۋە ئۇنى ئىنكار قىلىدىغان پوزىتسىيىدە بولۇپ، پارتىيىنىڭ ھازىر يۈرگۈزۈۋاتقان لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىگە "سول"چىل تەرەپتىن قارشى تۇرىدىغان خاتا كۆزقاراشلارنى كەسكىن، تولۇق قايىل قىلارلىق دەرىجىدە، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا تەنقىدلەش لازىم. مۇبادا ئاشۇنداق خاتا ئىدىيىۋى-سىياسىي كۆزقاراشلار بىلەن كارى بولماي، تەنقىدلىمە-گەن، كۈرەش قىلمىغان بولسا، بۇ پارتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلىرىنىڭ ۋە نەزەرىيە خىزمەتچىلىرىنىڭ ئېغىر دەرىجىدە مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغانلىقى بولىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ خىل تەنقىدلەشتە چوقۇم پاكىتنى ئوتتۇرىغا قويۇپ تۇرۇپ، داۋلى سۆزلەشتە چىڭ تۇرۇش، چەكسىز پرىنسىپقا كۆتۈرۈۋالماس-لىق، چوڭ پېپەن قىلماسلىق لازىم. سىياسىي مەسىلە بىلەن ئىلمىي مەسىلىنىڭ چەك-چېگرىسىنى قاتتىق ئايرىش، قانداق مەسىلە بولسا شۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش، قانداق خاراكتېردىكى زىددىيەت بولسا شۇ

خاراكتېر بويىچە ھەل قىلىش لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ماركسىزم نەزەرىيىسىنىڭ قايىل قىلىش كۈچىنى ۋە جەڭگىۋارلىقىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇپ، كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىنى نېمىنىڭ ھەقىقەت، نېمىنىڭ سەپسەتە، نېمىنىڭ ئىلغار، نېمىنىڭ قالاق ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئايرىپ، خاتا، قالاق، چىرىك بولغان ئىدىيە، مەدەنىيەتنىڭ تەسىرىنى ۋە چىرىتىشىنى ئۈزلۈكسىز چەكلەشكە يېتەكلىگىلى بولىدۇ.

ماركسىزم نەزەرىيىسىنىڭ قايىل قىلىش كۈچىنى ۋە جەڭگىۋارلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشتا، يەنە ماركسىزملىق نەزەرىيىۋى تەشۋىقات خىزمىتىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش لازىم. ماركسىزم نەزەرىيىسى بىلەن ماركسىزملىق نەزەرىيىۋى تەشۋىقات ئۆزئارا باغلانغان بولىدۇ، ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىدۇ. كەڭ كادىرلار ۋە ئامما نەزەرىيىۋى تەشۋىقات ئارقىلىق ماركسىزملىق نەزەرىيىۋى تەربىيىنى قوبۇل قىلىدۇ، نەزەرىيىۋى تەشۋىقاتنىڭ ياخشى-يامان بولۇشى ماركسىزم نەزەرىيىسىنىڭ ”ئوبرازى“غا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇ ھال ھەر دەرىجىلىك رەھبىري كادىرلارغا ۋە نەزەرىيىۋى تەشۋىقات خىزمەتچىلىرىگە تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپنى قويىدى. ماركسىزم نەزەرىيىسىنىڭ قايىل قىلىش كۈچىنى ۋە جەڭگىۋارلىقىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ماركسىزمغا سەممىيلىك بىلەن ئېتىقاد قىلىش، ماركسىزمنى پۈتۈن كۈچى بىلەن ئەمەلدە كۆرسىتىش لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبىري كادىرلىرىمىزنىڭ ۋە نەزەرىيىۋى تەشۋىقات خىزمەتچىلىرىمىزنىڭ ئۆزى ئۈلگە كۆرسىتىپ، ”سۆز ئارقىلىق يېتەكلەش“ ۋە ”ھەرىكەت ئارقىلىق يېتەكلەش“ جەھەتتە كۈچ چىقىرىشى، ساختىلىق قىلماي، ئىچى-سىرتى بىردەك بولۇشى، ماركسىزم ھەقىقىتىنىڭ كۈچى بىلەن كىشىلىك خىسلىتىنىڭ كۈچىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى، ساختىلىق قىلىدىغان، دىلى بىلەن ھەرىكىتى بىردەك بولمايدىغان ئىشلارنى قىلماسلىقى تەلەپ قىلىنىدۇ. ئاغزىدا دېگىنى بىر خىل، قىلغىنى يەنە بىر خىل بولغاندا، ماركسىزم نەزەرىيىسىنىڭ قايىل قىلىش كۈچىنى ۋە جەڭگىۋارلىقىنى جارى قىلدۇرالمىغانلىقى ئۈستىگە ماركسىزمنىڭ ئابرويىغا، پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمىتىنىڭ ئابرويىغىمۇ داغ تەگكۈزىدۇ. ماركسىزم نەزەرىيىسىنىڭ قايىل قىلىش كۈچىنى ۋە جەڭگىۋارلىقىنى جارى قىلدۇرۇشتا، ئۆگىنىش ئىستىلىنى توغرىلاش، ئەدەبىي ئۇسلۇبىنى ياخشىلاش، ماركسىزملىق نەزەرىيىۋى تەشۋىقات سەنئىتىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈش لازىم. مەزمۇنسىز سەپسەتىلەر بىلەن تولغان، نىشانسىز ئوق ئاتىدىغان قۇرۇق مۇقام، سىپايىگەرچىلىك بىلەن ھەيۋە قىلىپ كىشىنى قورقىتىدىغان ئىستىل، نېمە يېزىلغان بولسا شۇنى ئوقۇپ بېرىپ، يېڭىلىق يارىتىشقا ئىنتىلمەيدىغان ھورۇنلۇق ئىدىيىسىنىڭ ھەممىسى ماركسىزم نەزەرىيىسىنىڭ قايىل قىلىش كۈچى ۋە جەڭگىۋارلىقىنى جارى قىلدۇرۇشنىڭ چوڭ دۈشمىنىدۇر. بىز يۇقىرىقىدەك ماركسىزمغا خىلاپ بولغان ئۆگىنىش ئىستىلى ۋە ئەدەبىي ئۇسلۇبنى قەتئىي سۈپۈرۈپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا روشەن، جانلىق بولغان، كەڭ كادىرلار ۋە ئامما ياقتۇرىدىغان ئۆگىنىش ئىستىلى ۋە ئەدەبىي ئۇسلۇبنى تۇرغۇزۇشىمىز لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ماركسىزم نەزەرىيىسى ئاندىن جۇشقۇن ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇپ چىقالايدۇ، ئاندىن ئۆزىنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتتىكى ئاساس بولۇش رولىنى ھەقىقىي جارى قىلدۇرالايدۇ.

**تەرجىمە قىلغۇچى: دولقۇن قادىر**

**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ISSN 1006-5857
10>
9 771006 585006

《求是文选》(维吾尔文版)国外代号:M5－V 刊号:ISSN1006－5857/CN11－2498/D
邮发代号:2－373 定价:2.80元 邮政编码 100013